# ئەرلەرنىڭ ئون بەش چوڭ جىنايىتى

بۇ كىتاب ئاياللار قولىغا ئالسا چۈشۈرمەيدىغان، ئەرلەر
ئايالىم ھەرگىز ئوقۇپ سالمىسىكەن دەپ تىلەيدىغان كىتاب .



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەن چى

# ئەرلەرنىڭ ئون بەش چوڭ جىنايىتى

ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق
بىر تەرەپ قىلىش قوللانمىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ياسىن سېيىت ئارچىن
ئامانگۇل ئوبۇل



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

男人的十五大罪状/安琪编著;牙生·塞依提译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.6
ISBN 7—228—08849—2

Ⅰ.男... Ⅱ.①安...②牙... Ⅲ.男性—心理学—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B844.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 055783 号

责任编辑:帕提古丽·米吉提
封面设计:艾克白尔·萨力
责任校对:热娜·阿不里米提

**男人的十五大罪状**(维吾尔文)
安琪 著
牙生·塞依提
阿曼古丽·吾布力 译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐新协印务有限公司印刷
850×11698 毫米 32 开本 6 印张 2 插页
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7—228—08849—2 定价:9.00 元

# ئەرلەرنىڭ ئون بەش چوڭ جىنايىتى

ئەرلەر ئىغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلانسۇن.
ئاياللار ھېسسىياتنىڭ ئىزىتقۇ خىياللىرىدىن قۇتۇلسۇن.

ئەرلەرنىڭ ئون بەش چوڭ جىنايىتى

1. ئۇ سىزنىڭ نىيەت ئىقبالىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ
2. ئۇ ھەممە ئىشىڭىزنى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلايدۇ
3. ئۇ ئۆزىنى كۆپرەك بوشلۇق ـ ماكانغا ئېرىشىشى لازىمدەك سېزىدۇ
4. ئۇ سىزنى ئۆزىنىڭ ئاپىسىدەك ھېس قىلىدۇ
5. ئۇ سىزنىڭ ھاجىتىڭىزغا سەل قارايدۇ
6. ئۇنىڭ « مۇھەببىتى » پەقەت « جىنس » ئۈچۈن
7. ئۇ سىزگە ئاز ـ تولا قارشىپ قويۇپ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ
8. ئۇ سىزنى تەلپى تولىمۇ كۆپ دەپ ھېسابلايدۇ
9. ئۇ سىز ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ
10. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ
11. ئۇ سىزنىڭلا بالا پەرۋىش قىلىشىڭىزنى ئىستەيدۇ
12. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى يوشۇرىدۇ
13. ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ
14. ئۇ سىزنى رەنجىتىپ قويىدۇ
15. ئۇ ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ



# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە تۇرمۇشىمىز يەنىمۇ گۈزەل بولسۇن........ 1

بىرىنچى جىنايەت ئۇ سىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ .......... 1

*بىز ئاياللار ھەمىشە مۇنداق بىر سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزىمىز. بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئەرلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆز تېمىسىغا ئىشتىراك قىلىشىنى ياكى ئۆز قىزىقىشلىرىنى ئىپادىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا سەل قارايمىز...*

ئىككىنچى جىنايەت ئۇ ھەممە ئىشىڭىزنى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلايدۇ .......... 12

*قۇلىقى يۇمشاقلىق ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە بولغان مۇئامىلىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. جۈپتۇم مېنى ھۆرمەتلىسۇن دېسىڭىز، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ، بۇنىڭدا جۈپتىڭىزنىڭ سىزنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ ياكى ئۇ چىچاڭشىپ كەتكەن چاغلاردا، كۆڭلىڭىزگە ئازار يېتىپ قېلىشىدىن ساقلىنالايسىز...*



**ئۈچىنچى جىنايەت  ئۇ ئۆزىنى كۆپرەك بوشلۇقتا ئېردىشىشى لازىمدەك ھېس قىلىدۇ ........................ 26**

*بىزنىڭ تەكلىپلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ، بۇ خۇددى يەتمەكچى بولغان مەنزىلىنىڭ يىگىرمە چاقىرىم نېرىسىدا ماشىنىلىق ئىككى سائەت ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئېغىز ئېچىپ يول سوراشقا كاجلىق قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىش. . .*

**تۆتىنچى جىنايەت  ئۇ سىزنى ئۆزىنىڭ ئاپىسىدەك ھېس قىلىدۇ ........................ 36**

*ئەرلەرنىڭ كۆزىگە بىز گويا يۈزىمىزگە ئاپىسىنىڭ نىقابىنى تارتىۋالغاندەك كۆرۈنىمىز. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىزنى مەھبۇبەم دەپ ھېسابلىشى مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ ئۇلار بىزگە يەنە مۇھەببەت قويالامدۇ؟*

**بەشىنچى جىنايەت  ئۇ سىزنىڭ ھاجىتىڭىزغا سەل قارايدۇ ........................ 47**

*ئېرىم سىرتقا چىقماقچى بولسا، ماڭا، مەن ماڭدىم دەپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدۇ، بەزىدە مېنى دوستلىرىم كىنو كۆرۈشكە ياكى ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ بىرەر - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېلىشكە چاقىرسا، ماڭا ئېرىمنىڭ  بالام بىلەن ئۆيدە بىللە قېلىشى ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئون بەش باھانە - سەۋەب تېپىشىم كېرەكتەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇنى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ تامىقىنى شىرەگە، كېچىلىك*



*خالاتلىرىنى كارىۋاتقا قويۇپ قويۇپ ، ئاندىن سىرتقا چىقىشىمغا توغرا كېلىدۇ...*

**ئالتىنچى جىنايەت  ئۇنىڭ « مۇھەببىتى » پەقەت « جىنس » ئۇچۇن ........ 61**

*بىز جۈپتىمىزگە يالغاندىن ماسلىشىمىز ، خۇددى شۇنىڭدىن لەززەت تاپىدىغاندەك . كۆڭلىمىزدە بولسا ، قانداق قىلساق جۈپتىمىزنى جىنسىي يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈپ ، ئىشنى تېزراق تۈگىتىپ ئارامخۇدا ئۇخلىساق ، دەپ ئويلايمىز . ئاياللار ئاساسەن جۈپتىمىز شادلانسا ، رازى بولسىلا بولدى ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىنس مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس دەپ ھېسابلايمىز . گەرچە شۇنداق ئويلىساقمۇ ، لېكىن كۆڭلىمىزنىڭ بىر يېرى يېرىم ھەم قۇپقۇرۇق تۇرىدۇ...*

**يەتتىنچى جىنايەت  ئۇ سىزگە ئاز - تولا قارىشىپ بېرىپ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ ........ 71**

*ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى « كۆپ » قىلىدىغانلىقىغا ، بىزگە ياردەم بەرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان شەپقىتى . چۈنكى ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ئائىلە ئىشلىرىنى ئاپىسى قىلىپ كېلىۋاتقان ئائىلىدە چوڭ بولىدۇ ، دادىسى ئۇلارغا ئەركەك كىشىنىڭ ئاشخانىغا يېقىن يولىماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ...*



سەككىزىنچى جىنايەت ئۇ سىزنى تەلپى تولىمۇ كۆپ دەپ ھېسابلايدۇ ........................................ 80

*ئەرلەرمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن شادلىققا ئېرىشمەك- چى بولىدۇ، ئۇلار بىزنى قانائەتلەندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغداش ۋە كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، «سىلەرنىڭ ھۆددىڭ- لاردىن چىقماق ئەجەب تەس» دەپ بىزنى تەنقىدلەيدۇ. . .*

توققۇزىنچى جىنايەت ئۇ سىز ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ........................... 88

*دۇنيادا ھەۋىسى پوتونلەي ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەم بولمايدۇ. بىرىمىز مۇزىكىغا، بىرىمىز چوڭقۇر دېڭىزغا شۇڭغۇشقا خۇشتار، بىرسىنى ياخشى كۆرسىڭىز، شۇ كىشىنى قوللاشقا تىرىشىڭ، شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ئىگىلەڭ. . .*

ئونىنچى جىنايەت ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ ........................................ 101

*ئەرلەر ئەسلىي شەخسىيەتچىمۇ ياكى ئۇلار ئەتراپىدا يۈز بېرىد- ۋاتقان ئىشلارنى سەزمەمدۇ؟ كىر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، با- لىلار قورسىقى ئېچىپ «ئاتا. . . ئانا» دەپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان، تېلېفون توختىماي جىرىڭلاپ كېتىۋاتقان چاغدا، مېنىڭچە ئۆزى- ڭىزنى بەھۇزۇر يېتىپ ژۇرنال كۆرۈۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلا- لىشىڭىز تەس....*



**ئون بىرىنچى جىنايەت ئۇ سىزنىڭ بالىنى ئۆزىڭىز پەر-ۋىش قىلىشىڭىزنى خالايدۇ ........................ 111**

*ئاتا - ئانىسى تەل بولغان بالا بەختلىك بالا ، ئىككى تەربىيە-لىگۈچىنىڭ ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئوخشاش ئۈستىگە ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما، نېمىشقا ئەرلەر ئاتىلىق بۇرچىنى داۋاملىق تولۇق ئادا قىلالمايدۇ، ئايال كىشى مۇ-ئۇنداق ئەھۋالغا توغرا كەلگەندە، ئازابقا يالغۇز بەرداشلىق بېرىشى كېرەكمۇ ؟*

**ئون ئىككىنچى جىنايەت ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى يوشۇرىدۇ ........................ 122**

*بىز ئەمدى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ناھايىتى ئاسان توقۇنۇشۇپ قا-لىدىغان نۇقتىغا كەلدۇق: ئۆزىنىڭ ھېسسىيات مەسىلىسى توغ-رۇلۇق جۈپتى بىلەن سۆزلەشكۈسى بار، ھەتتا سۆزلىشىشكە ئىن-تىزار بولۇۋاتقان ئاياللار ناھايىتى كۆپ. جۈپتىمىزگە ھېسسىيا-تىمىزنى ئىزھار قىلغان چاغدا، بىز ئۇلارغا يەنىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن يەنىمۇ زىچ ماسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىمىزنى يە-نىمۇ بەختەر ھېس قىلىمىز. بىز قارشى تەرەپنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىنى ئۈمىد قىلىساقمۇ، بىراق ئىشلار قېرىشقاندەك ئويلى-غىنىمىزدىكىدەك بولماي قالىدۇ. . .*



ئون ئۈچىنچى جىنايەت   ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ ... 134

*ناۋادا بىز جۈپتىمىزنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىسەك ، ئۆزئارا ئىـ
شىنىشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايمىز. نېمىشقا ئەرلەرنىڭ
تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايدۇ ؟*

ئون تۆتىنچى جىنايەت   ئۇ دىلىڭىزغا ئازار بېرىدۇ.... 143

*ئەڭ كىنايىلىك بىر ئىش شۇكى، بىز « بىزنى ياخشى كۆرگەن »
ياكى « بىز ياخشى كۆرگەن » كىشىنى تەپتارتماستىن رەنجىتىپ
قويىمىز. چۈنكى بىز يېنىش - يېنىش ئەپۇ قىلىنىپ كېلىنىۋاتـ
قانلىقىمىزنى بىلىمىز. بالام ماڭا مۇنداق دېگەن: بەزىدە سىزگە گەپ
ياندۇرۇپ قويىمىز، لېكىن نېمىلا قىلساقمۇ سىزنىڭ بىزنى
مەڭگۈ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز ...*

ئون بەشىنچى جىنايەت   ئۇ ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە
تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ ......................... 152

*بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا خىزمەت، دوست، سىياسىي مەيدان قاـ
تارلىق كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر كۆپ، بىراق
بىز جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدـ
مىز، لېكىن جۈپتىمىزنىڭ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى
تۇرمۇشنىڭ مەركىزى دەپ قارىشى ناتايىن. .*

خاتىمە ........................................................ 164





# مۇقەددىمە

## تۇرمۇشىمىز يەنىمۇ گۈزەل بولسۇن

ئالدى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، ئەسلىدە باشقىچىرەك بىر كىتاب يېزىش خىيالىم بار ئىدى. مەسىلەن، «ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە — سىز ياخشى كۆرگەن ئايال قانائەتلىنىدىغان تەدبىرلەر» ياكى «بۇ ئەر قالتىس — ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ زېرەك، قىزغىن ۋە ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئون بەش تۈرلۈك ئۇسۇل» دېگەنگە ئوخشاش.

لېكىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرنەچچە كىتاب بازار تاپالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان قوللانمىلارنى ئەرلەرنىڭ ئوقۇپ كېتىشى ناتايىن، چۈنكى ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۆزىنىڭ جۇپتىدىن خۇشاللىققا ئېرىشىش ۋە ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش جەھەتلەرگە ئەرلەر تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى ھەرقانچە تەسىرلىك قويغان ياكى ئەرلەر بۇ كىتابتىن نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ دەپ جاكارلىغان بولسامۇ، ئۇلار بۇنداق كىتابنى ئوقۇشقا ئىنتىلمەيدۇ!







مەن بىمالال ھالدا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئىككىنچى كىتابنى باشلىسام، كىتابتىكى مەزمۇنلارغا تۆۋەندىكىدەك ماۋزۇلارنى قويساقمۇ بولىدۇ: « ناۋادا ئۇ سىزنى ھەمىشە پەرىزاتتەك گۈزەل دەپ ماختىسا »، « ناۋادا ئۇ ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئاتا بولسا »، « ناۋادا ئۇ ھەمىشە ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلسا » ... قاتارلىق. ئەمما، بۇ كىتابمۇ ياخشى كىتاب دەپ قارالمايدۇ! نېمىشقا؟ چۈنكى پۈتكۈل كىتابتا مۇھىم نۇقتا پەقەت بىرلا: ماڭا مۇشۇنداق بىر ياخشى ئەرنى نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىم ساڭا ھەشقاللا، ئاندىن كېيىن بۇ كىتاب تۈگەيدۇ.

ئەگەر بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېنىمىزدىكى ئەرلەرنىڭ شۇنداق مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلساق ياخشى بولاتتى. بىراق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىزنىڭ تېخى ئۆزۈن بىر مۇساپىنى بېسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇساپە زور كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ — مەنمۇ مۇشۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدە — ھاياتلىق ھەمراھىنى تېپىش ھەققىدىكى ئويىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئۆزۈمنى مىسال قىلىپ ئېيتسام، مەن نىكاھ ۋە مۇھەببەت ئىشلىرىدا بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولدۇم، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن چېكىنىپ كەتمىدىم، مەن يەنىلا ئەرلەرگە مەپتۇنمەن ھەم مۇھەببەتنى زارىقىپ كۈتۈۋاتىمەن. بۇنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ رېئاكسىيە ئامىلىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. ئىنساندىن ئىبارەت بۇ مەخلۇقاتتا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىپتىدائىي ئىستەك مەۋجۇت بولغان بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ مۇلايىملىق بىلەن قەيسەرلىكىنى بىلىش داۋامىدا، ئارغامچا تارتىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق ئويۇنىنىڭ جەڭگە تولغانلىقىنى، بۇنىڭ بىزگە كومېدىيىلىك ھەم





غىدىقلاش خاراكتېرلىك شادلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەرلەرگە نىسبەتەن بويسۇندۇرۇش تويغۇسىنى بايقايمىز.

قىسقىسى، مەن ئەرلەردىن تېخى ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. ئەكسىچە، يېشىم ئۇلغايغانسېرى، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىل تالاش - تارتىش قىلىنىپ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىنى شۇنچىلىك يەشكۈم كېلىدۇ.

## پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئورتاق ئوي - خىيالى

بۇنىڭغا ئون يىل بولدى، مەن خىزمەت ياكى تۇرمۇشتا ئەرلەرنى قانداق چۈشىنىش ۋە ئەرلەر بىلەن ئورتاق ياشاش مەسىلىسىگە توختىماي جاۋاب ئىزدىدىم. ئەمەلىيەت مۇنداق بولۇپ چىقتى، ئەرلەر سىزگە مۇكەممەل تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ، ئۇلار جاھىل، ئۇلار بىلەن ياشاش قىيىن. بۇنى سىز ھەتتا



تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاجايىپ تەرەپلىرىمۇ بار.

بىزنىڭ جۈپتىلىرىمىزنىڭ ھامان سەل - پەل بولىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، بولمىسا سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمەيسىز. ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىگە يوقىرى نومۇر قويۇۋالىدىغان ئاياللار ئۆزىنىڭ جورىسىدىن گاھىدا بەكرەك، گاھىدا ئانچىكى ئاغرىنىدۇ. ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى





ياخشىلاش يولىدا تالاي يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن شۇ ئايال مۇرىسىنى قىسىپ، بېشىنى چايقاپ، ئىككى قولىنى كېرىپ نائىلاج هالدا: ئۇ مېنىڭ نېمىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىمنى ئۇقمايدۇ، دەيدۇ.

بۇ دەل جايىدا دېيىلگەن گەپ. مەن نۇرغۇن ئايال دوستلىرىمىنىڭ، جۈملىدىن ئون بەش ياشقا كىرگەن قىزىمنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغىنىمدا — بەزىدە مەنمۇ دەپ سالىمەن — بۇ گەپنىڭ ئاساسەن ئاياللار دۆلىتى قۇرۇشتا هېكمەتلىك گەپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

بىز نېمىشقا شۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى بۇ پاكىت، ئەرلەر بولسا ئەهۋالنى ئاڭقىرالمىدى. سىز بىلەمسىز؟ ئاياللارمۇ دانا بولۇپ ئەرشىئالاغا چىقىپ كەتمىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى، مەن ئاياللارنى هەر تۈرلۈك چارە - ئامال تېپىپ، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن تاشقىرى، مۇشۇنداق بىر ئىلهامغا ئىگە بولدۇم.

ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئەهۋالنى ئاڭقىرالماسلىقى، هېچبولمىغاندا ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا كۆرۈلىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك ياشلىق چاغلىرىمىزنى ۋە يۈرەك قېنىمىزنى ئىسراپ قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇ دائىرىگە ئەكىرىشكە ئۇرۇنىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شۇنداق قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىپ تۇرساقمۇ، ئۆزىمىزنى شۇ ئىشقا مەجبۇرلايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ جۈپتىنى چوڭقۇر سۆيىمىز. ئەمما، سەمىمىي بولۇشىمىز زۆرۈر. ناۋادا سىز كۆپ سانلىق ئاياللار بىلەن ئوخشاش بولسىڭىز، سىز مۇتلەق كۆپ ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ جۈپتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىنى ياكى جىنس مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىسىز. مۇشۇ





بىرنەچچە يىلدىن بېرى، سىزمۇ بىر قاتار ئۇسۇللارنى سىناق قىلىپ كۆردىڭىز: نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئىزدەش، يېتىلىش تەشكىلاتىغا قاتنىشىش، سۆھبەت يىغىنى، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قوللانمىسىنى ئوقۇش، يېقىن دوستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى مۇتەخەسسىسلىرى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلارنى مۇقىم كۆرۈش ... ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى كرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قولىڭىزدىن كېلىدىغان جىمى ئىشنى قىلدىڭىز.

مۇشۇنداق جان پىدا قىلىپ، ئەجەبا سىز ئازراقمۇ چارچىمامسىز؟ ھالقىلىق مەسىلە، ئاتالمىش مۇناسىۋەتتە، ئەمەلىيەتتە مۇرەككەپ ھەم ئاۋارىچىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان باشقۇرۇشتا. بىراق بىز كۆپىنچە ھاللاردا بۇنى بەلگىلەنگەن شەكىل قاتارىدا كۆرۈپ كەلدۇق.

بۇنى مىسال ئارقىلىق سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن ئاياللارنىڭ نەزىرىدە، جۈپتى بىلەن بولغان جىنسىي مۇناسىۋىتىنىڭ % 90 ى رەسمىيەت ئۈچۈن، شادلىنىش بىلەن لەززەتلىنىش جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىنىڭ 10% ىنىلا ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىز شەكىللىۋازلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدا رومانتىكا، قايناق ھېسسىيات ۋە مۇھەببەتتىن ئەسلا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىز شۇنچىلىك كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى بىر ياقلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەسلىدە ئۆزىمىزنىڭ جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن يەنىمۇ بەھرىمەن بولۇشنى ۋە زوقلىنىشنى ئۆگەنسەك بولاتتى.

بىرىنچى باسقۇچلۇق مۇناسىۋەت ئوخشاش بولمىغان مەسىلە ھەم توقۇنۇشلارغا تولغان، مۇكەممەللىك ھەرگىز





بولمايدۇ. مەن ھازىرغا قەدەر كەمچىلىكى يوق ئەر توغرۇلۇق گەپ - سۆز ئاڭلاپ باقمىدىم، شۇڭا نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇنداق ئىستەك ئۇلارنى بۇنداق مۇناسىۋەتتىن مەڭگۈ رازى بولۇشقا قارىتا ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## ئەرلەرنى ئۆزگەرتمەك بەك تەس

ئەرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھاياتىڭىزدىكى بۇ ئەرنى يەنىمۇ چۈشىنىش، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم قىلىش ئۈمىدىدە بولۇش — بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى مانا مۇشۇ.

بۇ مەسلىھەت بېرىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. سۆھبەت يىغىنى ياكى باشقا ئۇسۇللار ئاقمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئۇنۇمى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلارنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى تەس. بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز بىزگە باقمايدۇ. ئاشۇ ئەرلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مىڭ بىر جاپا چېكىپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىمىزنى سەرپ قىلىشقا، بىزدە ئۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر يوق.



بۇنىڭغا قارىغاندا، ئەرلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتمەك ناھايىتى تەس، ئۇنداقتا ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىن ئارزۇ قىلغىنىمىزغا ئېرىشىش





ئۇچۇن ئۆزىمىزنى قانداق بېسىۋېلىشىمىز كېرەك ؟

ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپ كۆرۈپ باقايلى. ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتىش دېگەنلىك، ئۆز ھېسسىياتىمىز بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ئەرلەرنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىش، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۇلارنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىدىغان ياكى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىستراتېگىيىنى تېپىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئەرلەرنىڭ ھېسسىيات قاتلىمىدا، باسقۇچ سانلار ئاياللارنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەس، ئۇلار ئاساسەن كونكرېت ئىشلارغا بىرقەدەر تېز ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بىر ئايال دوستۇم ماڭا ناھايىتى ياخشى بىر گەپ قىلغانىدى: «ئەرلەرگە ئىش تەرتىپى دىئاگراممىسى لازىم، ناۋادا ئۇلارغا ئېنىق يولىيوروق بەرسىڭىز، نېمە قىلىش، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى دەپلا قويسىڭىز، سىز ئۇلارنىڭ ئېپادىسىگە جەزمەن يېڭىچە نەزەردە قارايسىز ».

ئاياللار ناھايىتى ئاسانلا مەستانە بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا بىز ئاسانلا ئەرلەرنىڭ ھېكايىسىگە قېتىلىپ قالىمىز ( ياكى ھاقارەتلىنىمىز ). ئۇلارنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىمىزغا، ئۇلارنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم بولۇشقا ۋە مۇھەببەت ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈشىمىزگە بەكلا ئىشىنىپ كېتىمىز.

بولدىلا! بۇ گەپلەر ئەرلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بىز ئايال بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەرلەرنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىگە ئازراق پەرۋا قىلىپ، باشقا بىر يېرىمىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق ياخشىلاش توغرۇلۇق ئويلىنىشقا ھەرىكەت قىلايلى.





# ئۇلارغا بولغان ئۇمىدىمىزنى كۆچەيتەيلى

ئالدى بىلەن، جۇپتىمىزگە بولغان ئۇمىدىمىزنى كۆچەيتىشىمىز كېرەك.

مەيلى ئۇلار بۇرۇن قانچىلىك بوپىنى يۇدۇپ يۈرگەن بولسۇن، ئۇلار كۆتۈرۈشلۈك ۋە مەسئۇلىيەتچان قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر. ئەلۋەتتە، بالىلىق چاغلىرىدا تارتقان ئازابلىرىنى ئىگىلەش، ئۇلارنىڭ هازىرقى ئىش - هەرىكەتلىرىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئەيىبلەش يارىمايدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئاقمايدىغان ئىش. شۇڭا، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دېيىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، يېڭى ئەسىردىكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش هەرىكىتى هەمىشە مۇنداق ئىشلارنى سەممىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ: ئۇلارنىڭ ئىپادىسى هەم ئىش - هەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، قورساقتا سىغدۇرۇۋېتسە بولىدۇ. بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كەڭ قورساقلىق كىشىلەرنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەردۇر. شۇنداقتىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت داۋامىدا، بىزدە، بىز ئىگىلەشكە تېگىشلىك تۆۋەن چەك هەم پرىنسىپ بولۇشى زۆرۈر. بىز ئەرلەرگە: «مەن سىزنى سىز قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايمەن» دېگەن گەپنى قىلغان چاغدا، بىز ئۆز جاسارىتىمىزنى سۇندۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرلەرنىڭ چېكىنىشىگە سۈكۈت قىلغان بولىمىز.

ئېرىڭىزنىڭ ئىشلىرى مەيلى ئادەمنى قانچىلىك ئاۋارە قىلىدىغان، مەيلى قانچىلىك باش ئاغرىتىدىغان ئىش بول-





سۇن، بۇ كىتابنى سىز شۇ سەۋەبتىن ئوقۇيسىزكى، سىز
مۇشۇ بىسەرەمجان ئەبلەخ بىلەن يەنىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشنى
ئۈمىد قىلىسىز ئەمەسمۇ؟ مەزكۇر كىتابتا ئىككى جىنس
مۇناسىۋىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئون بەش تۈرلۈك مەسى-
لىگە توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىلگەن، لېكىن شۇنىڭغا دىققەت
قىلىش كېرەككى، بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ ئىككى جىنسقا
مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىشى ناتايىن.
يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى تاللى-
غىنىڭىز زۆرۈر. شۇنىڭدا بۇ كىتابتىن ياخشى نەپكە ئېرىشكىلى
بولىدۇ.

ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ئەمدى كەلدۇق. بىز قانداق قىلغاندا ئۇزۇن
مۇددەتلىك داۋالىنىش ۋاقتىنى تېجەپ قېلىپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل
بىلەن جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالايمىز؟ تۆ-
ۋەندىكى بۇ تۆت تۈرلۈك پاكىتنى جەزمەن ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

## بىرىنچى پاكىت: سىز ئۇنى تاللىدىڭىز

ئېرىڭىز ھازىر سىزنىڭ كۆتكەن يېرىڭىزدىن تولىمۇ يىراقلاپ
كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن (سىزمۇ ھەم شۇنداق، ئەلۋەتتە).
ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئۆتۈشكە ئۇنى سىز تاللىغان، بۇ ئەمەلىي ئەھ-
ۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىللە ئۆتۈپ
كەتكۈڭىز بار. مۇشۇ تاللاشقا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك.

بۇ كىتابنى ئوقۇشىڭىزغا جۈپتىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بايقىغانلىقىڭىز سەۋەب بولسا كېرەك.
لېكىن، سىز ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستى-
ڭىزگە ئېلىش بىلەن بىرگە، مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ ياخشى تەرى-
پىنى كۆرۈشكە ئۇرۇنۇڭ.



تۆۋەندىكى بابلارنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئۆزىڭىزگە بىر-



نەچچە مىنۇتنى ئاجرىتىپ، ھېچبولمىغاندا تۆت نېمە ئۈچۈن دېگەننى ئويلاپ، بۇنى مۇشۇ باسقۇچلۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسى قىلىڭ. بۇنىڭ زىيىنى يوق. نېمىشقا؟ چۈنكى سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ جۈپتى بىلەن داۋاملىق بىللە ئۆتۈپ كېتىشىڭىزنى بىلمىسىڭىز، مەزكۇر كىتاب تەمىنلىگەن ئەپچىل چارىلەرنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن سىزدە ھېچقانداق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمايدۇ.

دىققەت! ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مەردانىلىك بىلەن ساقلاپ قېلىشىڭىزغا سىزدە ھەرقانداق ئاساس يېتەرلىك بولغان بولىدۇ. بەلكىم توي مۇراسىمىدا قىلغان قەسىمىڭىز، بەلكىم بالىلىرىڭىزنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش، بەلكىم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئويلاشقانلىقىڭىز، بەلكىم تەنھالىقتىن قورققانلىقىڭىز ياكى تەنھالىقىم مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشسۇن دېگەن تۇيغۇغا كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، سىز مۇناسىۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

## ئىككىنچى پاكىت: ئۇ دېگەن ئەر كىشى

مەن ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجغا، ئىستەك ۋە ئاجىزلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىمەن. لېكىن، مۇشۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، ئەرلەر ئاساسەن ئاياللارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بولۇپمۇ، مىڭلىغان – ئون مىڭلىغان ئايال ئىككى جىنسقا دائىر مەسىلىلەرنىڭ شۇقەدەر ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن ئاغرىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغرىنىش ئوبيېكتى ئوخشاش: «ئەرلەر نېمىشقا بۇنداق شەخسىيەتچى؟» ، «ئەرلەر قانداقلارچە بۇنچىلىك ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتتى؟» ، «ئۇ زادى قاچان چوڭ بولىدۇ؟» بۇ





سوئاللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم سوئال: « ئۇ زادى مېنى چۈشىنەلەمدۇ ـ چۈشىنەلمەمدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى مەن ئارزۇ قىلغان ئۇسۇلدا ياخشى كۆرەمدۇ ؟ » مانا مۇشۇ .

كۆپلىگەن ئاياللار ، ئىپادىسى ئاياللارنىڭ ئىپادىسىگە شۇ قەدەر ئوخشىمايدىغان ئەرلەرگە توغرا كېلىپ قالغان چاغدا ئىختىيارسىز: ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش بولمىغان پلانېتتا تۇرۇۋاتقان، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەۋجۇداتمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ ئېرىڭىز ئۆزىنى سىز چۈشىنەلمەيدىغان تاشقى پلانېت ئادىمىدەك تۇتۇشى مۇمكىن، ئۇ توختىماي سىزنىڭ سەۋرچانلىقىڭىزنى سىنايدۇ، بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىڭىزغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. لېكىن ئۇ كەم ـ كۈتىسىز بىر ئىنسان، ئۆزىگە خاس يەككە ئىنسان.

## ئۈچىنچى پاكىت: ئۇنىڭ تۇرقى شۇ

مەيلى قانداق نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسىنى تېپىڭ، قانداق سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىڭ، قانچە قېتىم: « سۆيۈملۈكۈم، بىز چىرايلىق پاراڭلىشايلى » دەڭ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قوللانمىسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تالاي رەت ئېتىڭ، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولمىسا، نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ئۆيىنى تاشلاپ كېتىمەن دەپ سان ـ ساناقسىز تەھدىت سېلىڭ، ھەممىسى بىكار، سىز ياخشىسى ئۇنىڭ 180 گرادۇس بۇرۇلۇش ياسىشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ.

ناۋادا سىز ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيىسىنى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىگە پۈتۈنلەي ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىسىڭىز، بۇ چوڭ ئۇقۇشماسلىق بولىدۇ.

مەسىلەن، ئېرىڭىز ئاراڭلاردىكى مەسىلىلەرنى سىز بىلەن ئولتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىشنى قايتا ـ قايتا رەت قىلسا ياكى ئىچكى تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ئامال قىلالمىسا، ئۇ چاغدا سىز ئۇنىڭ ناچار مۇئامىلىسى ماڭا قارىتىلغان دەپ بىلىسىز، ئەمما ئۇ بۇنى زىنھار ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇ چاغدا، سىز





ئىش - ھەرىكەتتە ئىستراتېگىيە قوللىنىڭ، مۇۋاپىق پۇرسەتنى تۇتۇڭ، پىكىرلىشىش ماھارىتى ۋە بىر قىسىم كونكرېت بولغان چارىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىڭ، بۇ تەدبىرلەرنىڭ سىزگە چوڭراق ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ.

مەن باشقۇرغان سۆھبەت يىغىنلىرىدا، ئايال دوستلىرىمنى ھەمىشە جۈپلىرىدە ئۆزى كەم دەپ قارىغان ئالاھىدىلىك ياكى ئۆزىنىڭ ئۈمىد - ئىستەكلىرى توغرۇلۇق يېزىشقا تەكلىپ قىلىمەن. بېرىلگەن جاۋابلار خىلمۇخىل، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. لېكىن، مەن ئەر دوستلىرىمغا مۇشۇنداق قىلىشنى تەكلىپ قىلسام، ھامان ئوخشاش بىرلا جاۋابقا ئېرىشىمەن: «ئۇنىڭ مېنى ئۆزۈم يالغۇز بىردەم تىنچ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ گەپنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مەنە ئەسلىدە: «ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىمنى قوبۇل قىلىشىنى ئىستەيمەن» دېگەندىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ: «ئۆزۈمنىڭ مەسىلىسىگە يۈزلەنگۈم يوق» ياكى: «مېنى قورقۇنچقا سالىدىغان ياكى ھەل قىلىش ئىقتىدارى مەندە ھازىرلانمىغان مەسىلىگە يۈزلىنىشنى خالىمايمەن» دېگەندىن بېشارەت بېرىشى مۇمكىن.

سىز بەلكىم: «نېمىشقا مەنلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن؟ ئەجەبا، ئۇ مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە مەن قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئېتىبارسىز قارامدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى سىز بۇ باسقۇچتىكى مۇناسىۋەتتە ئەڭ ئاقىلانە تاللاش ئېلىپ باردىڭىز: چۈنكى سىز بۇ جەرياندا سىناقلىرىڭىزدىن زىيان تارتىش بۇياقتا تۇرسۇن، يەنە تېخى كۆتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ قالىسىز.

## تۆتىنچى پاكىت: ئەسلىدە سىز تاللاش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ



مۇشۇ باسقۇچتىكى مۇناسىۋەتتە سىز ئۆزىڭىزنى تەس



كۆنگە چۈشۈپ قالغاندەك، بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، ئەمەلىيەتتە سىز ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايسىز.

بۇنداق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق قوغداشقا سىزنى ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدى، بۇ سىزنىڭ جاھىللىقىڭىزدىن بولۇۋاتقان ئىشلار.

بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي، مېنىڭ بىر دوستۇم بار، ئۇ ئېرىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكىدىن ئىنتايىن نارازى. ئۇ بۇنى ئەلۋەتتە تەقدىردىن كۆرىدۇ، ئېرى ئۆيدىكى چاغدا، ئۇ ئېرىنى راسا تىللايدۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى تاللاش نەتىجىگە كېلىشى مۇمكىن ئىدى: ئۇ ئېرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ دەردىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئۆز تۇيغۇسى توغرۇلۇق ئېرىنىڭ سۆزلىگۈسى بولمىسىمۇ مەيلى. ئۇ يەنە ئاچا - سىڭىللىرى ۋە دوستلىرى ياكى پسىخولوگىيە دوختۇرى بىلەن كۆپرەك سىرداشسا؛ ئېرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى «تەڭشىسە»مۇ بولىدۇ؛ لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئېرىغا مادارا قىلىشىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بەلكى ئەمەلىي قوللىنىشقا بولىدىغان بەزىبىر چارىلەرنى تېپىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

قىسقىسى، مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ ياخشىلىنىشىنى ھەم شۇنداق ئۆتۈپ كېتىشىنى ھەقىقىي ئۈمىد قىلسىڭىز، سىز ئاز - تولا يېڭىچە تەدبىرلەرگە يەنىمۇ موھتاج بولىسىز.

بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن ئىستراتېگىيە سىزنى پايدىلىق بولغان ھەرقانداق سىناقنى قىلىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ.

ئەركە — نايناقلىق، قول - پۇتىڭىزنى ئىتتىك قىلىشىڭىزنىڭ ۋە ياكى ئۇمۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ يول قويۇشىڭىزنىڭ لازىمى يوق، ئەمما كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، ھەقىقىي ئۇنۇملۇك ئۇسۇلنى تېپىپ چىقسىڭىز، مانا مۇشۇ كۇپايە.





ياتقان ۋاقىتتا ئېرىڭىز بىلەن بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق پاراڭلىشالىسىڭىز، ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۇخلىۋالماڭ؛ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق مۇناسىۋىتىڭلارنى ياخشىلىغىلى بولسا، سىز ئۆزىڭىزنى مەھكەم ئورىۋالماڭ؛ ئۇنىڭ بالىلارغا قىلغان غەمخورلۇقىغا ئۆز رەھمىتىڭىزنى بىلدۇرۇپ يازغان ئىككىلىك خېتىڭىز ئۈنۈم بەرسە، قولىڭىزغا قەلەم ئېلىڭ.

مەزكۇر كىتابنىڭ ھەربىر بابىدا ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت ھەم ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغان چېغىڭىزدا، ئېرىڭىزنى يەنىمۇ چۈشىنىدىغان بولىسىز. مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش يولىدا قانداق ئىشلارنى قىلىش ۋە قانداق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشىڭىزنى قانداق باشقۇرۇش توغرۇلۇق يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولىسىز.

ئەلۋەتتە، سىز يەنىمۇ شادلىق قۇچالايسىز.





# بىر نەچچە جىنايەت ئۇ سىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ



بىز ھەمىشە سۆيۈملۈك جۈپتىمىزنىڭ ئىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان ئەجرىمىزگە، ئەڭ ياخشى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جاۋاب بېرىشىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۈمىد قىلىمىز.

بۇنى مىسال بىلەن سۆزلەي، جۈپتىڭىز مۇشۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزنى بايقىغان چاغدا، سىز ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىنكاسلاردا بولۇشىنى كۈتىسىز:

ئۇنىڭ سىزنىڭ بۇ كىتابنى نېمىشقا ئوقۇغۇڭىز كېلىپ قالغانلىقىنى سورىشىنى؛

كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ بېقىشىنى؛

بۇ كىتابنى ۋاراقلاپ باققاندىن باشقا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار توغرۇلۇق دانا پىكرىنى بايان قىلىشىنى؛

بۇ كىتابنى سىز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشىنى.

ئەلۋەتتە، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال شۇكى —

بۇ كىتابنى بىرلىكتە ئوقۇپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن ئىككىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشنى ئۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.



بۇ ناھايىتى ياخشى ئوي، ئەپسۇسكى، پاكىت ھامان



كۆزلىگەن يەردىن چىقمايدۇ. ناۋادا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، يېقىنچىلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ جىددىي مۇناسىۋەتىڭلارنى بىر تەرەپ قىلغان چېغىڭىزدا، جۇپتىڭىز — مەيلى سىزنىڭ «لايىھە» ڭىز بويىچە بولسۇن ياكى ئۇ ئىختىيارىي قىلسۇن — سىز بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلالىسا، بۇ قالتىس ئىش بولاتتى.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ پەقەت بىر ئۆتكۈنچى ئۈمىد. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرلەر ئۈنچىۋالا قارا قورساق ياكى گالۋاڭ ئەمەس، ئۇلار ئېرەن قىلماي قالمايدۇ ( گەرچە بەزىدە ئۇلار قارىماققا شۇنداقراق كۆرۈنسىمۇ ) . ئەمەلىيەتتە، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغان ۋاقتىڭىزدا، جۇپتىڭىز قايتۇرغان ئىنكاس، ئۇنىڭ ئىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بەرگەن ۋەدىسى ياكى سىزگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئوخشاش بولماي قالىدۇ.

جۇپتىمىزنىڭ «مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش» تىن ئىبارەت بۇ ئىشقا بولغان قارشى بىلەن بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقى بىزگە ئايان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىنكاسىدىن شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىشىمىزنىڭ نېمە هاجىتى؟ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بىزگە ئېتىبارسىز قارايدىغان بۇنداق پوزىتسىيەسىنى داۋاملىق ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق چۈشىنىمىز، بۇ قىسمەن سەۋەب.

سىز ئۆزىڭىزنى شەنبە كۈنى ئۆزىڭىز تەۋە چېركاۋدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئائىلە مۇناسىۋىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن خۇشال تەييارلىق قىلدىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سىز بۇنىڭغا ۋاقىت ئاجراتتىڭىز، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۆزىڭىزگە ناھايىتى ئەپچىل تۇيۇلغان ئويىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. سىز ئېرىڭىزنى بىرگە بېرىشقا ئۈندەش ئۈچۈن، ئۇنى بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ قىزىقتۇرۇشقا، ئالداشقا مەجبۇر





بولىدىغىنىز، بۇ تەرىپى ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇم. سىز ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرىسىز، ئۇنىڭ جاۋابىنى زارىقىپ كۈتىسىز.

ئۇ تەخسىدىكى تاماقنى مالتىلاشقا باشلايدۇ، گولف توپقا دائىر ئىشلارنى دەپ غۇدۇرايدۇ، ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ تېلېۋىزورنى ئاچىدۇ. سىز ئۇنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىرىسىز، سۆھبەت يىغىنىغا زادى قاتنىشىش - قاتناشماسلىقى توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن سورايسىز.

« بىز سەل تۇرۇپ سۆزلەشسەك قانداق؟ » ئۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇش روھىي ھالىتىدىن غەزەپلىنىسىز، شۇنىڭ بىلەن تەرىڭىزنى تۇرۇپ ئۇنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىسىز، ئۇنىڭ سەل ئوغىسى قاينايدۇ، ئاندىن سىزگە جاۋاب بېرىپ: « بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ئازراقمۇ چاتاق يوق، بەك بەلەن! بۈگۈن شېكەر شەنبە، مەن دوستلىرىم بىلەن گولف توپ ئوينىغىلى بارىمەن، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتنى بىر توپ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا سەرپ قىلغانىنىڭ نېمە ھاجىتى » دەيدۇ.

سىز ئاچچىقلىغان ھالدا مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىسىز، ئۇنىڭ نېمىشقا كىچىك ئاق توپ ئويناشقا رازىكى، سىز بىلەن بىرلىكتە نىكاھىڭلارنى قۇتقۇزۇشقا رازى ئەمەسلىكىنى ئاڭقىرالمايسىز.

يەنە باشقا مۇنداق ئەھۋالمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن: سىز ئولتۇرۇپ جۈپتىڭىزغا مەزكۇر كىتابنىڭ ئايرىم بابلىرىنى ئوقۇپ بەرمەكچى بولىسىز، چۈنكى كىتابتىكى بەزى ئابزاسلارنىڭ ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىۋاستە قارىتىلغانلىقىنى سىز ھېس قىلىپ يەتكەن. بىراق، سىز كىتابتىكى بىباھا قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىغان چېغىڭىزدا، سىزنىڭ سۆيۈملۈك جۈپتىڭىز





: « گىلەم تازىلايدىغان قارا خىزمەتچى قاچان كېلىدۇ ؟ » دەپ پەيزىڭىزنى ئۆچۈرىدۇ. سىز كىتابنى « ۋاققىدە » يېپىپ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ: « بولدىلا، سىز بۇ كىتابقا ئازراقمۇ قىزىقمايسىز » دەپ چىچىلىپ كېتىسىز.

جاۋاب توغرا، شۇنداق بولىدۇ. بۇ كىتابقا يېزىلغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ زادىلا ئاڭلىغۇسى يوق. مۇناسىۋىتىڭلاردا قانداق مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇ بۇنى تېخىمۇ ئويلىمايدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

« قىزىقماسلىق » بىلەن « پەرۋا قىلماسلىق » ئوخشاش پوزىتسىيە ئەمەس. ناۋادا جۆپتىڭىز سىز قىلىۋاتقان ئىشلارغا دىمىقىنى قاقسا ياكى ساپلا سوغۇق گەپلەرنى قىلسا، سىز قىلىدىغان ئىش شۇكى، مەيدانىڭىزدا قەتئىي تۇرۇش، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىڭىزنى تونجۇقتۇرۇۋېتىشىگە يول قويماسلىق.

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟

ئۆزىنى قوتقۇزۇش قوللانمىسى تۈرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇيدىغان ياكى تەسىراتلىرى توغرۇلۇق كەڭ - كۆشادە پاراڭلىشىشنى خالايدىغان ئەرلەر تولىمۇ، تولىمۇ ئاز. نېمىشقا شۇنداق ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرلەر پاي چېكى ۋاكالەتچىسىدىن، ماشىنىسىنى ياسىشىپ بېرىدىغان تېخنىكتىن ياكى باشلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئامالسىزلىقتىن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ياردەمگە موھتاجلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ شەكسىزكى ئۇلارنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنى قوتقۇزۇش قوللانمىسىنى ئوقۇشقا ياكى بىرەر قېتىم ئىككى جىنس



مۇناسىۋىتىگە دائىر سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولۇشى، ئۆزىدە « مەسىلە بارلىقى » نى ئېتىراپ



قىلغانلىق بىلەن
باراۋەر ، ئۇ ئەل-
ۋەتتە بۇ تەشۋىش-
تىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ.




بۇرۇنقى ئېرىم گىئورگى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرسىدا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن. بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي « نىكاھ ئىشلىرىدىن مەسلىھەت سوراش » ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ شۇ چاغدا: « ناۋادا بىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىمىز سىرتقى كۈچنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە ئوساللىشىپ كەتسە، مەن سىزنىڭ دۈمبىڭىزگە : ‹ ئۇ مېنىڭ مۇشۇنداق تۇرقۇمنى قوبۇل قىلالىغۇدەك ياساپ بېرىلمىگۈچە ... › » دېگەن خەت يېزىلغان باغاقچىنى چاپلاپ قويىمەن دېگەنىدى.

شۇ چاغدا ئۇ ماڭا شۇنداق يۇمۇرلۇق ھەم سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، نىكاھ ئىشلىرىمىزدا چاتاق كۆرۈلدى، مەن شۇندىلا ئۇنىڭ مۇشۇ گەپنى ئەستايىدىللىق بىلەن دېگەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق قىلىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى قارار قىلدۇق، چۈنكى ئۇ باشتىن - ئاياغ « نىكاھ ئىشلىرى داۋالىنىشى » تىن ئىبارەت بۇ قاراشنى قوبۇل قىلمىدى. مەن بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدىم.

جۈپتىڭىز ئۆزىگە نىسبەتەن تەھدىت ھېس قىلغاندا، سىزگە قارىتا ھۆرمەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنى بارغانسېرى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ سىزنى مازاق قىلىشى، سىز بىلەن كۈچ سىنىشىشى، ھەتتا سىزنى ھاقارەتلىشى مۇمكىن، بۇ ئەڭ ئوسال





ئەھۋال. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئارقىلىق، ئۇ سىزدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىزدە ئويغىنىش ياكى ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق يېڭى قاراش كۆرۈلۈشى ئېھتىمال. يادىڭىزدا بولسۇن! بىلىم كۈچ دېمەكتۇر. سىزنىڭ ئىگىلىگەنلىرىڭىز قانچە كۆپ بولسا، مۇناسىۋىتىڭلارنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ - كېرەك ئەمەسمۇ، مۇشۇ توغرۇلۇق شۇنچە ئويلىنىسىز، بۇنداق ئويلىنىش ئۇنىڭغا تەھدىت ۋە خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرىدۇ. گەرچە ئۇ: ئۇنىڭ ئاق ئاتلىق شاھزادە ئەمەسلىكىنى ئاخىرى بىلىۋالغىنىڭىزنى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئوبيېكت تاپالايدىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا قورقىدۇ.

ئەگەر سىز جۈپتىڭىزنىڭ سىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىسىڭىز، سىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى ئۇنىڭغا بەرمەڭ. تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى سىزگە ھېچكىم بەلگىلەپ بەرمىگەن، بەزى ئىشلار ئەسلىدە يالغۇز سىز ئۈچۈنلا ئەھمىيەتلىك.

ئۇ سىزنى قوللىمىسا، سىز ئاياللار يېتىلىش تەشكىلاتى ياكى بىر قىسىم مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلسىڭىز، بۇنىڭ زىيىنى يوق.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

ئايال دوستلار ھەمىشە مۇنداق بىر خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. بىز داۋاملىق جۈپتىمىزنى بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆز تېمىسىغا قاتنىشىشقا «مەجبۇرلايمىز» ياكى ئۆزىنىڭ ھەۋەس - قىزىقىشىنى ئىپادىلەش ئۈمىدىدە بولىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا سەل قارايمىز.





بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنى توغرا دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، جۈپتىمىزنىڭمۇ ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئوي - خىيالى بارلىقىغا سەل قارىساق، ئەھۋالنى بەكرەك يامانلاشتۇرۇپ قويىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار چىتلاقنى تەكشىلەۋاتقان ياكى ماشىنىنى ئاسراۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىمۇ ئوخشاش قاراش بولۇشى مۇمكىن. قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىش - ھەرىكەتنىڭ مىزانى دەپ قارىساق، باشقىلارنى ھۆرمەتلىيەلمەيمىز، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىكى ھاڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ.

ماڭا مەلۇم، سىزنىڭ جاھىللىق قىلماسلىقىڭىز بەكمۇ تەس، چۈنكى سىز بۇ مۇناسىۋەتكە ھەقىقەتەن ئېتىبار بېرىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىز ئىشلىرىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى قاتتىق مۇقىملاشتۇرىسىز. لېكىن، جۈپتىمىزگە قايتا - قايتا بېسىم ئىشلەتسەك، ئىشلار ھەمىشە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۇلار ئۆز ئۇسۇلى بويىچە چۈشەنگىنى تۈزۈك.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

بىز بەلكىم ئاغزىمىزدا: « ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن قوبۇل قىلالايمەن ياكى چۈشىنەلەيمەن » دېيىشىمىز مۇمكىن، لېكىن دېمەك ئاسان، قىلماق تەس.

دوستۇم نانسي شۇنداق دەيدۇ: « مەن ئاياللار يېتىلىش تەشكىلاتىغا سەككىز يىلدىن بۇيان قاتنىشىپ كېلىۋاتىمەن، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى توغرۇلۇق توختىماي ئىزدىنىۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ، ئېرىمنى يىگىرمە مىنۇت ۋاقتىنى چىقىرىپ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلىشقا كۆندۈرەلمىدىم » .





مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: « بۇنىڭدىن ۋاز كەچ ، شۇنچىۋالا ۋاقتىڭنى ۋە زېھىن كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېگەندىن كۆرە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى بويىچە ئىش قىلغىنىڭ تۈزۈك. ئۇ سېنى قانچىلىك چۈشەنسە ، شۇنچىلىك چۈشىنىۋەرسۇن . ئۇنىڭ ئىشتىراك قىلىش - قىلماسلىقى ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس » .

مۇناسىۋەتنى قوغداش يۈكى زىممىمىزنى بېسىپ تۇرۇقلۇق يەنە تەنقىدكە ئۇچرىساق ، بىز شۇ چاغدىلا ھەممە ئىشنىڭ ئادىل بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايمىز .

توغرا، ئادىل ئەمەس. لېكىن، بۇ كىتابتا مەن تەكرار تەكىتلەپ كېلىۋاتقان قاراش سىزگىمۇ ئايان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇلى، ئاتالمىش « ئادىللىق » نى ئۇنتۇش، ئاقىدىغان ئۇسۇلنى ئويلاپ تېپىش.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى



ناۋادا سىز جۈپتىڭىزنى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كۆپرەك ئىشتىراك قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقچى بولسىڭىز ، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز كەلگەن خۇلاسە ياكى ئېھتىياجىڭىزنى دېگىنىڭىزدىن، يەنىلا ئۇنى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بەرگىنىڭىز مۇۋاپىق.

بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك پايدىسى بار. ئالدى بىلەن، ئۇ بېسىم ھېس قىلمايدۇ، پسىخىك





جەھەتتە سىزدىن مۇداپىئەلىنىشكىمۇ موھتاج بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر، بۇ ئۇنىڭ تاللىشى بولسا، ئۇ سىزگە ھەرقانداق چاغدا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھېچبولمىغاندا ئىككى كىشى ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان كۆچ سىنىششىنى زور دەرىجىدە ئا-زايتقىلى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن، جۈپتىمىزنى تاللاشقا قويۇپ بېرىش بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز بولۇپ شەكىللىنىدۇ، نەتىجىدە بىزنىڭ تەنقىدكە ئۇچراش ياكى ئۇنىڭ سوغۇق تەلەتىنى كۆرۈش خەۋپىگە قارامىلىق قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەي. سىز ئۇنىڭغا ئىككىڭلارنىڭ بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان ئايرىم ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمىغانلىقىڭلارنى دەيسىز، سىز ئۇنىڭ: «بىرەر ياغاچ كەپىنى تېپىپ شەنبىمىزنى بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ يۈرەتتىم (مەن بىلىمەن، بۇنداق ئەرنى نەدىن تاپقۇلۇق، بۇ ئاسماندىن چەلپەك ياغقاندەك بىر ئىشقۇ، دەپ ئويلايسىز)» دەپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز.

ئەمما ئۇ: «يەنە شۇ گەپ. بىلىمەن، سىز مېنى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىششقا تۇتۇۋالماي قويمايسىز» دەپ سالسا، بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىئەپ ئەھۋالدا قالغانلىقىڭىزنى ھېس قى-لىسىز. بىراق شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلمىدىڭىز. ئۇ ئۆز ئىنكاسى ئارقىلىق سىزگە ئۆزى-نىڭ تېخى روھىي تەييارلىق قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى، خالاس. شۇڭا يەنە بىر مەزگىل ساقلىسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ.

سىز بۇ چاغدا دەردىڭىزنى قانداق چىقىرىسىز؟ دوستىڭىزغا تېلېفون بېرىسىز، سىرتلارغا چىقىپ سەيلى قىلىسىز، كۈندىلىك خاتىرە يازىسىز. بۇنىڭدىن باشقا، سىز ئۆزىڭىزگە توخ-تىماي — مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن





ئاز ـ تولا ئىش قىلالىدىم دەيسىز ، بۇ ئاجايىپ تۇيغۇ . يەنە بىر ئەپچىل چارە شۇكى ، سىزگە ھەقىقەتەن ئىك- كىڭلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولۇپ تۇيۇلغان ياكى تەسىراتنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىشقا پايدىلىق ئىشنىڭ ئىككىسىدىن بىرنىلا تاللايسىز . سىز پايدىلىق دەپ قارىغان بەزى- بىر يازمىلارنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ كۆزقارىشىڭىزنى لايىقىدا كۆ- چەيتىۋالغان چېغىڭىزدا ، تەبىئىي ھالدا خۇشاللىقتىن بېشىڭىز كۆككە يېتىپ ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جۇپتىڭىزگە دېيىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشىڭىز مۇمكىن .

بۇنداق بىر ئىش يادىڭىزدا بولسۇنكى ، ناۋادا مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورتاقلاشماقچى بولسىڭىز ، مەزكۇر كىتابنى مۇناسىۋەتىڭلارنىڭ مىزانى قىلىۋالماڭ . بۇ ئۇنىڭغا بې- سىم بولىدۇ . ئۇ سىزنىڭ ئاتالمىش « بىباھا سۆزلىرىڭىز » گە پىسەنت قىلمايدۇ ، سىز ئۇنىڭغا مۇھەببەتكە تولغان تەلەپپۇزدا ئاستا : « بۇ كىتابنى مەن بىلەن بىللە ئوقۇغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت » ياكى « بۇ كىتابنىڭ ماڭا ھەقىقەتەن ياردىمى بولدى » دەڭ . مۇناسىۋەتىڭلارنى ياخشىلاش ئۈچۈن ، ئۇ سىز بىلەن تىرىش- چانلىق كۆرسىتىشكە بەكرەك رازى بولىدۇ .

سىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ھەم قوللايدىغان ئادەملەر بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىڭ . ئاچا ۋە سىڭىللىرىڭىز بىلەن پاراڭلاشى- ڭىزمۇ بولىدۇ . ئۇلارغا جۇپتىڭىزنىڭ يېقىندا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ، مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ . شۇ كىشى سىز بىلەن تەڭ كۈلسۇن ، تەڭ خۇر- سىنسۇن . مۇھىمى شۇكى ، سىز مەيلى ئۆزىڭىز بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى سىز بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان ئادەمنى تېپىڭ ياكى تاپ- ماڭ ، بۇ جەرياندا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭىزنى جەزم- لەشتۈرۈڭ .





# ياخشى تەرەپنى ئويلاش

مەيلى سىز نېمە ئىش قىلىڭ، مەيلى ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىزدىن جۇپتىڭىزنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا باغلىق. ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا تەئەللۇق بەزىبىر نەرسىلەرنى پىنھان تۇتۇڭ. بۇ ئۆزىڭىزنى قوغداش بولۇپلا قالماي، بۇنىڭدىن كۇتۇلمىگەن ئۇنۇم كۆرۈلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي، مەزكۇر كىتابنى جۇپتىڭىزنىڭ كۆرۈشىگە يول قويمىسىڭىز، بۇ ھال سىزنىڭ بەكرەك خۇشاللىق تېپىشىڭىزغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا قىزىقىش قوزغىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ باشتا سىزنىڭ زادى قانداق كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىڭىزنى قىياس قىلىدۇ، كېيىن ئېغىز ئېچىپ سىزدىن سورىشىمۇ، ھەتتا يالۋۇرۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ سىزگە تەۋە بولغان مەخپىيەتلىكنى تەكشۈرۈپ يۈرۈۋەرسۇن.

قېنى، سىز قاراپ تۇرۇڭ.





# ئىككىنچى جىنايەت ئۇ ھەممە ئىشىڭىزنى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلايدۇ

مەن قېيناتام لەيستېرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتىم، ئۇ تولىمۇ جەلپكار، سېخىي، مەرد ھەم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. قېيناتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قېينانام جېن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەزىيەنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى ( ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاي ناتونۇش ئادەملەر بار ) . بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى لەيستېرنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياردىمىگە بىلدۈرگەن رەھمەت - ھەشقاللىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

لەيستېر ئۆيدىكى چاغلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقەتەن دۇنيادا تېپىلغۇسىز ياخشى ئىنسان ئىدى. تالادا قانچىلىك چوڭ ئىشلارنى قىلىۋەتسۇن، ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىرگەن ھامان دۇنيادىكى ئەڭ ياردەمگە موھتاج ئەركىشىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ھېلىمۇ يادىمدا، مەن ھەر نۆۋەت قېيناناملارنىڭكىگە تاماققا بارغان چېغىمدا، جېننىڭ ھەمىشە تاماق راسلاش ئۈچۈن نەچچە سائەت پالاقشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇ ناھايىتى تەستە بىكار بولۇپ، ئەمدى داستىخاندا ئولتۇرۇشى بىلەن، لەيستېر: « جېن، پەمىدۇر قىيامى قېنى؟ » دەيتتى. مەن بۇ گەپنى مىڭ قېتىم ئاڭلاپ كەتتىم دېسەم ئارتۇقلۇق قىلماس.

لەيستېر پەمىدۇر قىيامىغا ئاجايىپ ئامراق ئىدى. ئۇ ھەتتا ئالمىنىمۇ پەمىدۇر قىيامى سۈركەپ يېسە، ئالما يېگەندەك بولاتتى. مەن مال - مۈلۈكلىرىمنى دو تىكىشكە پېتىنالايمەنكى، لەيستېر پەمىدۇر قىيامىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەتتى، ئۇنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ تاپالايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ داستىخاندا ئولتۇرۇۋېلىپ كەينى - كەينىدىن: « پەمىدۇر قىيامى قېنى؟ »





دەپ سورىغىنى سورىغانىدى، جېن ئورنىدىن تۇرۇپ پەمـ
دۇر قىيامىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتى، بۇ ئىش ھەر
قېتىملىق تاماقتا تەكرارلىناتتى.

مېنىڭ قېيناتا ـ قېينانام يەتمىش ياشتىن ئاشقان كىشىلەر
ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئىككى جىنس رولىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئۇلار
ياشىغان ئاشۇ دەۋرنىڭ تەسىرى چوڭقۇر سىڭگەن. مېنىڭ لەيسـ
تېرنى ئۇنداق كۆتىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق جېـنـغـا
ھەرقانچە نەسىھەت قىلغىنىم بىكار ئىدى.

سىز بەلكىم ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمـ
كىن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ھېچقانچە ئۆزگەرگىنى يوق.
مەن ئۆتكەن ھەپتە تەكلىپكە بىنائەن دوستۇمنىڭكىگە تاماققا بارـ
دىم. مەن بىلەن تەڭ دىمەتلىك دوستۇم داستىخاندىن ئاز دېگەندە ئون
قېتىم تۇردى، ئۇ ئېرىنىڭ تەخسىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن
شۇنداق قىلدى.

ناۋادا بىزمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا تاسادىپىي كۆتۈلۈشكە ئېـ
رىشسەك، بۇ ئانىلار بايرىمى كۆندىلا بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغان
ئىمتىياز بىلەن چەكلىنىپ
قالمىغان بولسا بەك ياخشى
بولاتتى ئەمەسمۇ؟



بۈگۈنكى مۇشۇ دەۋردە
نۇرغۇن ئەرلەردە: «چۈنكى
مەن ئەر، شۇڭا يارىلىشىمـ
دىنلا كۈتۈلىدىغان بولۇپ يا-
رالغان» دەيدىغان قاراش يىلـ
تىز تارتقان. ئۇ باشقا بىرـ
سىنىڭ كىرلىرىنى
كىرخانىغا ئاپىرىپ
بېرىشىنى، يۇيۇلـ





غان كىيىملىرىنى رەتلىك قىلىپ سۇلياۋ قاپقا سېلىپ، ئاسقىغا ئېسىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ئۇ سىزدىن كىرخانىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان كىرىڭىز بارمۇ دەپ سوراپ، ئاندىن كېيىن 15 مىنۇت ۋاقتىنى چىقىرىپ كىرىڭىزنى ئەپكېلىپ بەرگەنمۇ؟ ئۇنىڭ سىزگە ھاجىتى چۈشكەن چاغدا، مەيلى چارچاپ كېتىلك - كەتمەلك، مىجەزىڭىز ياخشى بول- سۇن - بولمىسۇن، ھەيز كەلگەن - كەلمىگەن بولسۇن ياكى ئۇن- داق ئىشقا رايىڭىز بارسۇن - بارمىسۇن، سىزنىڭ ئۆزى بىلەن بېقىنچىلىق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇنداق بىر جانلىق مىسال بار. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى قوشنام ئېغىر زۇكام بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى كارىدوردا ئۇچرىتىپ قالغىنىمدا، ئۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، قىزىغان، بۇرنى پۈتۈپ قالغان ھالەتتە ئىدى. باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى ئالغىلى ئاپتېكىغا ماڭغانىدى. مەن شۇ چاغدا ئالدىراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەكىرىپ كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويدۇم - دە، ئۇنىڭغا بىر سائەتكىچە دورا ئەكېلىپ بې- رىدىغانلىقىمنى دېدىم. مەن كەلگۈچە ئازراق پىرەنىك، چاي، شۇ ھەپتىلىك كىيىم - كېچەك ژۇرناللىرىنى ئالغاچ كەلدىم.

مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئاياللار بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن جېكىنىڭ ئۇنى — ئۇنىڭ يۈر- گىنى — يوقلاپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدىم. قوشنام مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇزدا: «ھىم! ھە، راست، ئاخشام تېلېفون قىلىپ مېنىڭدىن ئولتۇرۇشقا بېرىش ئۈچۈن مېنى نەچچىدە ئال- غىلى كەلسە بولىدىغانلىقىنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا مىجەزىم يوقلۇقىنى، ئولتۇرۇشقا بارالمايدىغانلىقىمنى، قىزىتمامنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېدىم. ئۇ نېمە دېدى دېمەيسىز؟ ھە، ئەمىسە قاتنىشالمايدىكەنسىز - دە، سىزنىڭ ياخشىراق بولۇپ قالغان - قالمىغانلىقىڭىزنى ئەتە تېلېفون قىلىپ سو- رايمەن، دېدى - دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتى، — دېدى





ئۇھسىنىپ، — مەن تېخى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىدىم. سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان ئۇ بولۇپ قالغان بولسا، ھەممە ئىشىمنى تاشلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭەن ھەم ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتىم.

## ئۇلار نېمىشقا مۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟

مەن ئالدى بىلەن ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش داۋامىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. گەرچە ئوغۇل بالىلىرىمىزغا بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىنى بىلىش توغرۇلۇق تىرىشىپ تەربىيە بەرسەكمۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى ئۆگەتسەكمۇ، شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۇنى پەقەت قىز بالىلارلا ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىز كۆپرەك بەدەل تۆلەشنى ئۆگەتسەك، ئوغۇللار ئۆگەتكەنلىرىمىزنى قانداق قوبۇل قىلىشنى بىزگە بىلىندۈرمەي ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئانىلار بۇ ئوغۇل بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ھەددىدىن زىيادە ئەركە قىلىۋەتكەن ( شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىز بالىلارنى داستىخان يىغىشتۇرۇپ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇشقا بۇيرۇغان ) .

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى يۇرگەن قىزلىرى ياكى خوتۇنلىرى يامان ئۆگىتىۋەتكەن. بۇ ھال ئۇلاردا « مەن ئەسلىي كۇتۇلۇشكە تېگىشلىك » دېگەن قاراشنى كۈچەيتىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ « باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش » تىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ئويلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاياللار ھوقۇقى تەرەپدارى ئېڭىغا ئىگە بولغان مەندەك بىر ئايالمۇ ئوغلۇمغا قارىغاندا قىزىمغا يۇقىرىراق تەلەپ قويىمەن. مەن باشتا « قىزىم چوڭراق » دېگەن پاكىتقا ئاسا-





سەن قىزىمغا تەلەپچان بولغان ، كېيىن ماڭا شۇنى تەن ئالماي بولمىدى، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا مەن يەنىلا ئەنئەنىۋى قېلىپتىن چىقالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئوغلۇمغىمۇ ئۆي ئىشلىرى قىلىش توغرۇلۇق قىزىمغا ئوخشاش تەلەپ قويۇشقا باشلىدىم.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

يېڭى ئارىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئەرلەر بەدەل تۆلەشكە ئانچە پىخسىقلىق قىلىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئارىلىشىش داۋامىدا، ئاياللار ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئۇزۇنغىچە ھەم مۇقىم ھالەتتە قارشى تەرەپكە ئۆزىنى ئاتىۋېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچە كۆپ ئىش قىلىپ بەرسەم، ئۇمۇ مۇناسىپ ھالدا ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ دەپ قارىسىڭىز، ياخشىسى ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ. سىزنىڭ مۇرادىڭىزغا يەتمىكىڭىز تولىمۇ تەس.

ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر ئۇ كۇتۇلۇشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلغانلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا، ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق يەنىمۇ كۆپ بەدەل تۆلىشىمىزنى كۇتۇپ ئولتۇرماسمۇ ؟ بۇنىڭ ئۇچۇن سىز ئۇنى ئەيىبلىيەلمەيسىز. چۈنكى بۇگۈن ئۇنىڭ ئورنىدا سىز كۇتۇلۇشكە كۆنۈپ قالغان بولسىڭىز، ئېھتىمال سىز ئۇنىڭ سىزنى ئەتراپلىق كۇتۇشىنى، بۇنىڭدىن راۋۇرۇس ھۇزۇرلىنىشنى كۇتۇپ ئولتۇرغان بولاتتىڭىز.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز جۇپتىمىزگە، دوستلىرىمىزغا ۋە بالىلىرىمىزغا بەدەل تۆلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزگە تولىراق ئىشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئەرلەرنىڭ بىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئاز سانلىق دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولغان. بىز ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ بەزىدە ئايال پادىشاھقا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھ-





ـرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىمىزنى دېيىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ قەدىرلىشىمىز زۆرۈر. جۈپتىمىزنىڭ سۆيگۈسىنى بىز تۆلىگەن بەدەلنىڭ ئورنىغا كەلگەن دەپ قارىساق ئەمدى بولمايدۇ.

بىزنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دەپ تەن ئېلىش. تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بولساق كېرەك، جۈپتىمىزگە تەلەپ قويساق، ئۇلار تېرىكىدۇ ۋە بىزار بولىدۇ، دەپ قورققان بولۇشىمىز ئېهتىمال. نەتىجىدە ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىمىزنى خىرەلەشتۈرۈۋالىمىز. چۈنكى بىز ئاخىرى بېرىپ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە قېلىشنى خالىمايمىز. ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىككى جىنس ئارىسىدىكى جىنسىي پائالىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش بىلەن بەدەل تۆلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ بىزنىڭ قوبۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ياخشى ئايال دوست، ئوبدان يار، بەلەن خوتۇن بولۇش ئۈچۈن جۈپتىمىزدىن پۈتۈن كۈچىمىزنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك، بىز مانا مۇشۇنىڭغا چىن ئېتىقادىمىز بىلەن ئىشىنىپ كېتىمىز.

ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىمىز دېسەك، ئاۋۋال شۇ نەرسىنى چۈشىنىشىمىز زۆرۈركى، جۈپتىلىرىمىزمۇ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا بەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، بەدەل تۆلەيدىغان پەيتنى كۈتىدۇ. بۇ قاراشنى چۈشىنىش ئانچە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭغا ئىككى نۇقتىدىن قاراش كېرەك.

جۈپتىمىزنىڭ نۇقتىسىدىن قاراش. ئەرلەرنىڭ بەدەل تۆلىمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار بىزگە زادى نېمە كېرەك، بۇنى بىلمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىسىدىن قاراش. بەزىدە بىزنىڭ قەدىمىزگە يېتىشەلمەي قالىدۇ ياكى بەزىدە بىزدە ئەكس



ئەتكەن غەزەپ، مەيلى ئۇلار نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇلارنىڭ



ئىشىدىن رازى ئەمەسلىكىمىزنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئەرلەرنىڭ بىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ بىزنىڭ ئۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىمىزگە يەتمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن، مۇنۇ ئىككى ئىش توغرۇلۇق ئاۋۋال كۆڭۈل توختىتىپ تەپسىلىي ئويلىنىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ بىرسى، قەلب ئىشكىنى ئېچىپ، جۈپتىمىزنىڭ بىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرقانداق ئىشىنى قوبۇل قىلدۇقمۇ - قىلمىدۇقمۇ؟ بىر دوستۇم ماڭا ئېرىنىڭ ئۇنىڭ ھالىدىن ئىتتىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانچىلىكمۇ خەۋەر ئالمايدىغانلىقىنى ئاغرىنىپ تۇرۇپ دەپ بەرگەنىدى. مەن ئىگىلىگەن ئەھۋال مۇنداق. ئۇنىڭ ئېرى ئىتتىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ خوتۇنىنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنە بىر تەرىپى، ئىت خۇشال بولغاندا قۇيرۇق شىپاڭلىتىدۇ، ئۇ بولسا ئېرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دىمىقىنى قېقىپ قويىدۇ.

جۈپتىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز ھەم كەڭ قورساقلىقىمىز، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى چىن كۆڭلىمىز بىلەن قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىنكار قىلمىسىلا، ئۇنىڭ سىزنى چىن كۆڭلىدىن خۇش قىلماقچى







بولغانلىقىغا ئىشىنىڭ، ئۇ پەقەت ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيدۇ.

يەنە بىرسى، « بەدەل تۆلەش » كە بەرگەن تەبىرىمىزگە قايتىدىن قاراپ چىقىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئەرلەر ئېتىراپ قىلغان « بەدەل تۆلەش » بىلەن بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى بەدەل تۆلەش ئوتتۇرىسىدا پەرق زور بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ قارىشىمىزدا « كۆتۈش » بەدەل تۆلەشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى؛ ئەرلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى قويساق، « ئاياللارنى قوغداش » ئۇلارغا بەدەل تۆلەش بولۇپ تۇيۇلۇشى ئېھتىمال. ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنلىرىغا قانداق « غەمخورلۇق » قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ؟

*ئۆينىڭ ھەرقانداق رېمونت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش؛*

*ئىقتىسادىي مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىش؛*

*ئېغىر نەرسىلەرنى يۆتكەشكە مەسئۇل بولۇش؛*

*بىزنى قۇچاقلاش؛*

*ئېگىز پاشىنىلىق ئاياغ بىلەن قارنى دەسسىمەسلىكىمىز ئۈچۈن، بىزنى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈش؛*

*ھويلىدىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەش؛*

*بالىلىرىمىز بىزگە گەپ ياندۇرغاندا، بالىلىرىمىزغا: « ئاپاڭغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلما » دېيىش؛*

*تۇغۇتىمىزنىڭ ئۈستىدە تۇرۇش؛*

*تامغا سۈرەتلەرنى ئېسىش ياكى ئۆي بىساتلىرىنى يۆتكەش.*

مەن كاللامنى ئىشلىتىپ ئاران توققۇز تۈرلۈك ئىشنى ئويلاپ تاپتىم. ئەمدى سىز ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىپ، جۈپتىڭىز سىزنى تەمىن ئەتكەن باشقا بەش تۈرلۈك « مۇلازىمەت » نى ئويلاپ تېپىڭ، پەقەت ئۇلاردا ياردەملىشىش نىيىتى بولسىلا: ھويلىغا، ماشىنىغا، تورۇسقا دائىر ئىشلار بولسىمۇ ھېساب.





شۇ تاپتا، سىز جۇپتىڭىزنىڭ مەردلىكىدىن ھەم غەمخورلۇقىدىن نەزەرگە ئېلىنىدىم دەپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويۇشىڭىز ياكى ئۇ قىلغان بىرەر ياخشى ئىشنىمۇ ئويلاپ تاپالمىغانلىقىڭىزدىن مەيۇسلىنىشىڭىز مۇمكىن . ناۋادا كېيىنكىسى بولسا، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ قارىساق بولىدۇ. جۇپتىڭىزنىڭ سىزنى خۇشال قىلغان ئىشى يادىڭىزدىمۇ ؟ مەسىلەن، بۈگۈن بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى سوراپ قويۇش ياكى دۈمبىڭىزنى قاشلاپ قويۇش، بۇنى ئۆزىڭىز تەلەپ قىلغان بولسىڭىزمۇ مەيلى.

بىز ھەمىشە جۇپتىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي ئۆزىمىزنى ئەتىۋارى يوق ھېسابلايمىز . ئەمەلىيەتتە، بىز كىچىككىنە رەھمەتتىنىمۇ قانائەت ھاسىل قىلىمىز، ئەمما ئۇلار ھەتتا بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزغىمۇ دىققەت قىلمايدۇ. مېنىڭچە، ھېچكىم جۇپتىنى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى قوش قوللاپ تۇتىدۇ، بالىمىزغا بالا باققۇچى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن مېنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچە كارب دېگىز بويىغا دەم ئېلىشقا جىممىدە باشلاپ بارىدۇ ، دەپ ئويلىمايدۇ.

ئەرلەر دائىم بىزنى تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى زادىلا قاندۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاياللار جۇپتىنىڭ تاسادىپىي سوۋغا قىلغان كىچىككىنە سوۋغىسىدىن ياكى: « ۋاي جېنىم، بەك ھارغىن كۆرۈنىسىز، كەچلىك تاماقنى مانا مەن ھۆددىگە ئالاي » دېگەندەك سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، « ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ ئەرزىيدۇ » دېگەن يەرگە كېلىدۇ.

بىر پارچە كىتاب يېزىپ، قانداق قىلغاندا جاپا تارتماي ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا دەپ بەرسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى جۇپتىڭىزگە ئۆزىڭىز دېيىشىڭىز كېرەك. تۆۋەندىكىسى قانداق قىلساق ئەرلىرىمىزنى يەنىمۇ كۆيۈمچان، يەنىمۇ ساخاۋەتلىك قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىمىزغا دائىر ئۇسۇللار.





# ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئۆزىڭىزنىڭ ئىتائەتمەن ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە بولغان مۇئامىلىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ . جۈپتىڭىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئەڭ ياخشىسى ، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ . جۈپتىڭىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ياكى چېچىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش بەدىلىگە ئۆزىڭىزگە ئۇۋال قىلماڭ . كۇتۇشنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمگە نىسبەتەن ، سىزنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىش ياسىشىڭىز ئۇنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىشى مۇمكىن . مۇشۇ سەۋەبتىن ، ئاراڭلاردا توقۇنۇش يۈز بېرىشكە باشلىسا ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭمۇتەڭ تۇرۇشتىن ئۆزىڭىزنى ۋاقتىنچە چەتكە ئېلىڭ ، لېكىن پوزىتسىيىڭىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ .

ئالدىرىماڭ ، ئاستا - ئاستا كېلىڭ . سىز بۇرۇن ئۇنى - بۇنى يىغىشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىلا يۈرىدىڭىز ، ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ ، ئۇ تونۇگۇن پولغا تاشلاپ قويغان كىر پايپىقىنى سېۋەتكە تاشلىۋېتىدىغان ئادەم چىقمىغانلىقىنى ، ئەتىگەندە تاماق يېگەن تەخسىنىڭ تۇخۇم يۇقى پېتى سۇ كۆلچىكىدە تۇرغانلىقىنى ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تەنتەربىيە ژۇرنىلىنىڭ تونۇگۇن كۆرۈپ بولغان بېتىنىڭ ئېچىقلىق پېتى ساپادا تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ . « بۇ زادى نېمە گەپ ؟ » ئۇ سىزدىن جەزمەن مۇشۇنداق سورايدۇ . « نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ ؟ » بۇ گەپ قۇلىقىڭىزغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن سىز ئۇنىڭىزنى ئېچىڭىزگە يۇتۇڭ . ئائىلىنىڭ شۇنچىلىك مۇشكۇل يۈكىنى شۇنچە يىل كۆتۈرۈپ كەلدىڭىز ، ئۇنىڭ بۇنداق ئەيىبلەشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ .



سىز قانداق قىلىشىڭىز كېرەك ؟ يادىڭىزدا



بولسۇنكى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاچچىقىڭىزنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىماڭ. ئۇنىڭغا بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلدۇرۇڭ. تالاي يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ مالىماتىڭىنى يىغىشتۇرۇپلا كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىردىنلا چۈشەنگەنلىكىڭىزنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزى قول سېلىپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈڭ. ئۇنىڭ بىلەن تەگەشكۈڭىز بولمىسا، ئۇنىڭغا: «توغرا دەيسىز، ئۆي ھەقىقەتەن بەك قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. خاپا بولماي ئۆزىڭىزنىڭ پايپىقىنى ئەپچىقىۋېتىڭ، يۇيۇۋېتىڭ. گېزىتلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ، بولامدۇ؟» دەڭ.

ناۋادا گەپنى ئەگىتمەي، ئۇنىڭغا ئوچۇق دېمەكچى بولسىڭىز (ئېسىڭىزدە بولسۇن، كونكرېت گەپنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ) ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئولتۇرۇپ، ئۆزىڭىز موھتاج بولۇۋاتقان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئالدىرىماي دەڭ. تەلەپپۇزىڭىز يېقىملىق بولسۇن: «ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن كىر كىيىملىرىڭىزنى سېۋەتكە تاشلىۋەتكەن بولسىڭىز، مەن سىزدىن قاتتىق خۇش بولاتتىم» ياكى «ئىشتىن چىققۇچە گېزىتلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋەتسىڭىز، بولامدۇ؟» دەپ ئەسكەرتىڭ.

ناۋادا ئۇ سىزگە: «ۋاقتىم يوق» ياكى «ھەر كۈنى ئىشقا ئالدىرايمەن، سىزنىڭ ئۆيدە بوش ۋاقتىڭىز شۇنچە كۆپ تۇرسا...» دېسە، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. «مەن ئۇنىڭ قەدىرلەيدىغان ئادىمى، ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئەمەس» دېگەن گەپنى توختىماي سەمىڭىزگە سېلىڭ. سىز ئۇنىڭدىن كېيىن مەيلى نېمە قىلىڭ، ھەرگىز ئۇ قالايمىقان تاشلاپ قويغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرماڭ. قالايمىقانچىلىقتا بىرنەچچە كۈن چىداڭ. قەتئىي ۋاز كەچمەڭ ياكى يۇمشاپ كەتمەڭ.



ئۇ مىت قىلماي يۇرۇۋەرسە، ئۇ يىغىشتۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇڭ، كا-



رىۋتىنىنىڭ ياكى ئاياغ ئىشكاپىنىڭ، ئىشقىلىپ مەسىلە-
نىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىدىغان يەرگە دۆۋىلەپ قوي-
سىڭىز بولىۋېرىدۇ.

مېنىڭ بىر دوستۇم ئېرى چىش چوتكىلىغان چاغدا،
مۇنچىدىكى ئەينەككە چاچراپ كەتكەن ئاپئاق داغلارغا پەقەت چىدالماي
قېلىۋاتقانلىقىنى ماڭا دەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئورنىدا ئەي-
نەكتىكى داغلارنى بىر نەچچە يىل تازىلىغان. ئۇ توساتتىن تازىلى-
ماس بولۇپ قالغان. ئۇ ئېرىنىڭ قاچان قول سېلىپ ئۆزى قىلى-
دىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئارىدىن ئۈچ
ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن. ئېرى چىش چوتكىلىغان چاغدا چىرايىنى
ئەينەكتىن ئېنىق كۆرەلمەي قالغان، شۇ ۋاقىتتا ئېرى ئۈنىڭدىن:
« پاكىزلاش سۇيۇقلۇقى نەدە ؟ » دەپ سورىغان ( بۇ چاغدا مېنىڭ
ھېلىقى دوستۇم ھۇجرىسىدىكى پەرداز ئەينىكى ئالدىدا چىش چوت-
كىلاۋاتقانىكەن ) .

جۇپتىڭىزنىڭ قالدۇق ئىشلىرىنى رەتلىشىگە ياردەم قىلسىڭىز
بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنىڭ سەمىگە بىر قېتىم، ئىككى قې-
تىم، ئۈچ قېتىم سالغاندىن كېيىن، داۋاملىق قىلىۋەرمەڭ. ناۋادا ئۇ
كىرئالغۇنى، قاچا يۇيۇش ما-
شىنىسىنى قانداق ئىشلىتىش-
نى بىلمەيدىغانلىقىنى دېسە،



چىرايىڭىزنى تۈرمەي، ئۇنى شۇ
ئەسۋابلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئا-
پىرىپ، قەدەم - باسقۇچ بىلەن
چۈشەندۈرۈڭ. مەن بىلىمەن،
بۇ ئاڭلىماققا ناھايىتى كۈلكى-
لىك ئىش. سىز ئۆزىڭىز ئالتە
ياش ۋاقتىڭىزدا مەش-
غۇلات قىلىپ كېلى-





ۋاتقان ماشىنىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى چوڭ بولۇپ بىشىپ ـ يېتىلگەن بىر ئەر كىشىگە چۈشەندۈرۈۋاتىسىز. سەۋرچان بولۇڭ، پوزىتسىيىڭىز مۇلايىم ھەم ئەدەپلىك بولسا، ئۇ سىزگە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئېرىيدۇ. سىزمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇش ئۇچۇن ئېغىر ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشتىن قۇتۇلىسىز.

جۇپتىڭىز سىزنى سىز ئېرىشمەكچى بولغان مۇھەببەت ۋە قوللاش بىلەن تەمىن ئېتەلمىسە، ئۇنىڭغا بەكمۇ تايىنىۋالماڭ: سىز ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇڭ، ئۆزىڭىزدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلىڭ، ئۆزىڭىز ئۇچۇن بەدەل تۆلەڭ. تۆۋەندىكىسى ئۆزىنى ياخشى ئاسراشنىڭ ئۇسۇللىرى:

*بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش كۇلۇبىغا قاتنىشىپ، سىجىل ھەرىكەت قىلىش؛*

*قەدىناس دوستلار بىلەن پات ـ پات يىغىلىپ تۇرۇش؛*

*ئۆزىڭىزگە ـ ئۆزىڭىز گۈل سېتىۋېلىش (مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، مەن ھەر ھەپتىدە بىر دەستە گۈل سېتىۋالىمەن)*

*ئاز ـ تولا دەرس ئاڭلاش ياكى ئۆز قىزىقىشىنى كېڭەيتىشنى سىناق قىلىش؛*

*ھەر كۈنى يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ جىم ئولتۇرۇش، كىتاب ئوقۇش، سەيلە قىلىش ياكى ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇشقا ياردىمى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىش؛*

*ئۆزىڭىزنى ـ ئۆزىڭىز تاماققا ياكى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلىڭ، باشقىلار، پراكتىكانت بولسىمۇ مەيلى، ئۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلسۇن.*

*كۆڭلىڭىزگە ئارامبەخش ئېتىدىغان ئىشلار بىلەن ئاز ـ تولا مەشغۇل بولۇڭ، مەسىلەن، خۇش پۇراقلىق مۇنچىدا يۇيۇنۇڭ، سۇغا سىز ياخشى كۆرىدىغان ئەتىرنى چېچىڭ. ئىشىكنى ئۇبدان تاقاپ، ئۆزىڭىز ئامراق بولغان پۇراقلىق*





شامنى يېقىڭ.

ئېرىڭىز بىلەن بالىلىرىڭىزنىڭ سىزنى مالال قىلمايدىغانلىقىغا كۆزىڭىز يەتكەندىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە بولغان راھەتلىنىش پەيتىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

ئەمەلىيەتتە بەدەل تۆلەش جەريانى بىر تۇرلۇك لەززەت. چۈنكى سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن جۈپتىڭىزگە ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن «خىزمەت قىلىسىز». سىز بەدەل تۆلەش داۋامىدا، سىز خىزمەتىدە بولۇۋاتقان ئېرىڭىزدىنمۇ كۆپ خۇشاللىقا سازاۋەر بولالايسىز.

مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى. بىز باشقىلارغا ناھايىتى ئېسىل سوۋغىلارنى تاللىغان چېغىمىزدا، ئۆز كۆڭلىمىزدە، سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىنىڭ سوۋغىنى ئېچىپ خۇشال بولغان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلساق، سوۋغا تاللاش جەريانىنىڭ ئۆزى ناھايىتى قىزىقارلىق ئىشقا ئايلىنىدۇ. ئۆزىنى ئاسراشمۇ سىزگە يەنىمۇ كۆپ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلساق ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلسەك، جۈپتىمىزگە زىيادە بېقىنىپ قالمايمىز، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ئۇچۇن تاسادىپىي بەدەل تۆلىشى تۇرمۇشىمىزدا چەكسىز خۇشاللىقا ئايلىنىدۇ.





# ئۈچىنچى جىنايەت ئۇ ئۆزىنى كۆپرەك بوشلۇققا ئېرىششى لازىمدەك ھېس قىلدۇ

« قەدىرلىكىم، مەن پەقەت ئۆزۈمگە تەئەللۇق بىراز بوشلۇق بولسىكەن دەيمەن. » ئەرلەرنىڭ بۇ گەپنى قالايمىقان ئىشلىتىش دەرىجىسى ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان « ئەرلەرنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ » دېگەن گەپنىڭ دەرىجىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەرلەر بۇ گەپنى قىلغان چاغدا ئىپادىلىگەن مەزمۇن بىزنىڭ قىياسىمىز بىلەن ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇنداق بولۇشى ئېھتىمال:

*خىزمەت يۈكۈم بەك ئېغىر. مېنىڭ ئۆزۈمگە خاس ۋاقتىم بولۇشى كېرەك.*

*تۇرمۇشۇم ناھايىتى مەنىسىز، يەنىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، ئاز ـ تولا تەۋەككۈلچىلىك قىلسام دەيمەن.*



*بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن نەپەس ئالالماي قېلىۋاتىمەن، ماڭا بۇ يەردىن بىردەم ئايرىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.*

*ھەر يەكشەنبە كۈنى ئاپىمىزنىڭكىگە بېرىپ يەيدىغان ھېلىقى مەڭگۈ يەپ تۈگىتەلمەيدىغان تاماقتىن، بېلىق تۇتقىلى بارغىنىم ئەلا.*

*ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرۇلۇق ئوبدانراق*





*ئويلىنىپ باقايمىكىن دەيمەن.*

*ماڭا بېسىم يامان ئېغىر تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز مېنى بىردەم تىنچ قويسىڭىز.*

*ئاچچىقىمنى چىقارغۇم كېلىدۇ، لېكىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن.*

ئەرلەرنىڭ ئاڭلىق هالدا هەم باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئويىنى مۇشۇنداق بىۋاسىتە ئىپادىلىشى سىزگە ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلامدۇ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆپ سانلىق ئاياللارنىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ. بىز جۈپتىمىزنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىزگە بىۋاسىتە دېيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىز ئۆز پەرىزىمىزگە تايانساق، هەمىشە ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ كېتىمىز.

ئاياللار ئېنىق جاۋابقا موهتاج، ئەرلەر بولسا هەقىقىي تەسىراتىنى ئىزهار قىلغۇسى كەلمىگەنلىكتىن ئاياللار بىلەن تەگىشىپ قالىدۇ. ئىككى جىنس ئارىسىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇشۇ يەردە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئەرلەر ئاز ـ تولا قىرلىق، ياپتا گەپلەرنى قىلغانسېرى، بىزنىڭ ئۇنى شۇنچە بىلگۈمىز كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار بۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغانسېرى، ئۇلار شۇنچە تۇگۈلىۋالىدۇ ـ دە، ئاخىرى ئۆزگىرىپ: «ماڭا ئارامخۇدالىق كېرەك!» دەيدۇ.

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟

بىر ئايال ئۇچۇن ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى سۈرۈشتۈرمەك ئاسان ئىش ئەمەس. مەن ئەرلەرنىڭ بۇنداق روهىي هالىتىدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن بىرنەچچە ئەرنى ئالايىتەن ئىزدەپ تاپتىم — جۈملىدىن دوستۇم، دوستۇمنىڭ قېيناتىسى، بۇرۇنقى ئەر دوستۇم ۋە





قوشنام قاتارلىقلارنى يىغىپ، ئەقلىي يەكۈنۈمنى مۇھاكىمە قىلدۇق.

**ئەقلىي يەكۈننىڭ بىرىنچىسى:** ئۇلار بىۋاسىتە توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر شەپەرەڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ياكى بورانلىق قاراڭغۇ كېچىدە قايسى بىر يولدا ماشىنىنىڭ چاقىنى ئالماشتۇرۇشى، يېقىن مۇناسىۋەتكە بولغان تەسىراتىنى سۆزلەشتىن ئاسان.

**ئەقلىي يەكۈننىڭ ئىككىنچىسى:** ئۇلار خاتا گەپ قىلىپ سېلىشتىن قورقىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەقەتلا ئوخشىمايدىغان يېرى — ئاياللار دائىم تەسىراتىنى ئەرلەرگە دېيىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەرلەر ئادەتتە پەيت كۈتىدۇ، قايتا ـ قايتا بېكىتكەندىن كېيىن، ئاندىن دۇدۇقلاپ دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

**ئەقلىي يەكۈننىڭ ئۈچىنچىسى:** ئۇلار ئۆزىنىڭ سىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقىدۇ. بۇ ناھايىتى سىرلىق ئىش. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان «ماڭا كۆپرەك ئارامخۇدالىق لازىم» دېگەن گېپىدىن كۆپىنچە ھاللاردا مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ، ئەمما ئەرلەر بىزنى زىيانكەشلىكتىن قوغداش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىرسى ئەرلەرگە، ئاياللار يېقىن مۇناسىۋەتكە قارىتا گۇماندا بولمايدۇ ياكى ئۇلار ئويلىنىشقا باشلىغان ھامان بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يىمىرىلىپ كەتمەيدۇ دېگەنمۇ قانداق، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. جۈپتىمىزنىڭ مەسىلىگە ئېتىبارسىز قارىشى ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماسلىقى ھەقىقەتەن جېنىمىزغا تېگىدۇ. بۇ ھال بىزنى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىدىن بىراقلا مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ.

**ئەقلىي يەكۈننىڭ تۆتىنچىسى:** ئۇلار زىيادە يېقىنچىلىقتىن تەشۋىشلىنىدۇ. ناۋادا ئاياللار جۈپتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسېرى، ئۇلاردا قارشى تەرەپ بىلەن چوڭقۇرراق پاراڭلىشىش





ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. قارشى تەرەپ بىلەن بىللە ئۆي سې-
تىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ئوي-
لىشىدۇ. بىراق، ئەرلەر ھېسسىيات جەھەتتىكى يۈكىنىڭ
زىيادە ئېغىرلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى
ئاستا ـ ئاستا يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئادەتتە
ئايرىلىپ كېتىشنى تاللايدۇ.

بۇ تۆت نۇقتىغا يۈزلەنگەندە، ئەرلەر ئۆزىنىڭ كۆپرەك بوشلۇققا
موھتاج ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىكى روھىي ھالىتىگە نىس-
بەتەن بولۇشى مۇمكىن، بىزدە بۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر يۇ-
رۇش چارە بار. ئەمدى بىز ئالدى بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قى-
يىنچىلىقلارنى ئاياللارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا قاراپ
باقايلى.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

گەرچە بىز تەسىراتىنى بىۋاسىتە دەپ بېرەلمەيدىغان ئەرلەر ئۇ-
چۈن بىز مەسئۇل ئەمەس دېسەكمۇ، لېكىن بىز بىلىپ ـ بىلمەي
بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىمىز ياكى بەزىبىر گەپلەرنى دەپ
سېلىشىمىز مۇمكىن، نەتىجىدە ئۇلار نائىلاج تۈگۈلۈۋالىدۇ.

باشتا، بىز ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ۋاقىتقا ئىگە بو-
لۇش مەقسىتىگە توسقۇنلۇق قىلىمىز. « نېمىشقا سىز ھەممە
ئىشنى بىراقلا تاشلىۋەتسىڭىز بولىدۇ ( بولۇپمۇ سىزنى ھەم بالى-
سىنى تاشلىۋەتكەندە ) ؟ مەن مېنىڭمۇ ئۆز بوشلۇقۇم بولۇشىنى
ئىستەيمەن! » دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن، بىز خاپا
بولىمىز، چۈنكى ئىلگىرى كۆڭلىمىزدە پىلانلاپ قويغان ئىشلارنى
ئەمدى ئۆزىمىز مۇستەقىل قىلمىساق بولمايدۇ. بىز كۆپىنچە
ھاللاردا ئۇلارغا « بوشلۇق » نى قانداق بېرىشنى بىلمەيمىز.
چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئوتتۇ-





رىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغان.

شۇنىڭ بىلەن، بىز قورقۇشقا باشلايمىز، ئۆزىمىزنى بارغانسېرى تۇتالماي قېلىپ، جۇپتىمىزگە ئۇلار ئارزۇ قىلغان « بوشلۇق » نى بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ يەنە بىر ئوخشىمايدىغان تەرىپى بار: ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا زادى قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقان-لىقىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىگۈسىمۇ كەل-مەيدۇ. ئەمما، ئاياللارنىڭ « ئالتىنچى سەزگۈ » سى ناھايىتى سەزگۈر، ئەرلەر: « ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، راست » دېگەندە، بىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ بولىمىز.

ئاياللاردا ئەرلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ بولغان ھەسرەتلىرىنى بىلىۋالىدىغان ماھارەت ھازىرلانغان بولىدۇ. بىراق، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا بىۋاستە سېزىمىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى دېسىڭىز، ئۇنداقتا قەدىرلىكىم، بۇ تەشەببۇسكارلىقىڭىز سىزنى ۋەيران قى-لىۋېتىدۇ.

بىز بۇ يەردە باشقا بىر تۈرلۈك ئەرلەردىكى ئوخشاش كېسەللىكنى كۆرەلەيمىز — ئۇلار بىزنىڭ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلىشنى خا-لىمايدۇ. بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يەتمەكچى بولغان مەنزىلدىن يىگىرمە چاقىرىم نېرىسىدا ماشىنىلىق ئىككى سائەت چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق قىلىپ تۇرسىمۇ، يول سوراشقا كاجلىق قىلغىنى بىلەن ئوخشاش بىر ئىش. ئۇلاردا مۇشۇنداق ئىللەت بول-غاچقا، ئىپادە بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەندە بىزدە ماھارەت بولۇشى زۆرۈر. ئىشقىلىپ، سەۋەنلىكنى ئېھتىيات بىلەن سوراش، سو-راش « سوراق » قا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تولىمۇ كۆپ نەرسە سورالسا، ئۇنىڭغا بۇ ھال سىزنى ئۇنى نازارەت قى-لىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ.





بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەي ، ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن شەنبىلىك پىلانىنى سورىسىڭىز ، ئۇ سىزگە شەنبە كۈنى ئۈچ جاھىل مۇرىتى بىلەن سىرتتا قونماقچى بولغانلىقىنى دېسە ، سىز ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭ خۇشال ئويناپ كېلىشىنى تىلەڭ ، ئاندىن شەنبە كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇڭ . سىرتتا قونىدىغان ئىشنى زىغىرلاپ سوراشنىڭ ئورنى يوق. يادىڭىزدا بولسۇن — ئۇنىڭغا كۆپرەك بوشلۇق كېرەك بولسا ، سىز مۇنداق قىلىڭ : ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭ ، ۋاقتىنچە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈنمەڭ .

جۇپتىمىز ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم ۋاقىتنى ئالماقچى دەپ پەرەز قىلساق ، بىزنىڭ ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدىغانغا ھەققىمىز يوق ( بۇ پەقەت ئۇنىڭغا بىر كېچىلىك ياكى شەنبىلىك خاتىرجەملىك كېرەك ، ئۇ كارب دېڭىزىغا ئۈچ ئايلىق دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقىنى يوق ) . ئەگەر ئۇ سىزنىڭ ئۇنىڭغا بارغانسېرى يۆلىنىۋالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ ، سىزدىن قۇتۇلماقچى بولسا ، سىز ئۆزىڭىزنى سەل تۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك. مەيلى ئىگىلەش ئىستىكىڭىز قانچە كۈچلۈك بولسۇن ، « بېسىم ئىشلىتىش » ئەڭ ناچار ئۇسۇل. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ سىزگە بولغان تۇيغۇسىنى ( ياكى باشقا ئىشلارغا بولغان ) ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ كۆپرەك بوشلۇققا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. سىز ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ،







روھىي جەھەتتىمۇ تەييارلىق بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنى كۆڭلىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىراقلا دەۋىتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويىمىز.

ئەرلەرنىڭ كۆپرەك ماكانغا ئېرىشىش يولىدىكى ئاساسى مەيلى نېمە بولسۇن، سەۋرچانلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى تاقابىل تۇرۇش پوزىتسىيىمىز.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

چۈنكى ئەرلەرنىڭ : « ماڭا كۆپرەك بوشلۇق كېرەك » دېگەن گېپى بىزگە: « مېنىڭ ئەمدى سىز بىلەن ياشىغۇم يوق » دېگەندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلار مەيلى قانچىلىك يۇمشاق ۋە مەيلى ئۇدۇل دېسۇن، بۇ گەپ بىز ئۈچۈن: « سىزنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم » دېگەن مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بۇرۇن جۈپتىمىزگە ئامراق بولساقمۇ، بۇ گەپنىڭ بىزدە خاتىرجەمسىزلىك ۋە غەزەپ قوزغىماسلىقى ناھايىتى تەس. ناۋادا شۇ باسقۇچتا مۇناسىۋىتىمىز يامان تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا، بۇ گەپ شەكسىزكى، ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك بولىدۇ.

بىز ئەلۋەتتە، بۇنى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشكە باغلاپ يۈرمەيمىز، بۇ ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. توغرا، جۈپتىمىز ئۆزىنىڭ بىزدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئۆزگىرىش ھەم ياخشى، ھەم يامان، بۇ بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پوزىتسىيىمىز بىلەن ئۇسۇلىمىزغا باغلىق.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى



ھودۇقۇپ كەتمەك. ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن باۋلىڭ



توپ ئويناشقا بارغۇسى بار ، شۇڭا ئۇ جۇمە كېچىسىنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ماڭا مەيلى يوق ، ئۇنىڭ سىرتتا ئاشنىسى بار ياكى ئۇ ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندە كۆرۈلىدىغان كرىزىسقا ئۇچرىدى ، دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلماڭ.

سىز ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئاۋۋال ، ئالدى بىلەن ئۇ بەرمەكچى بولغان ئۇچۇرنى ئىگىلەڭ. ئېنىق جاۋاب — گۇماننى ئازايتىشنىڭ ياخشى چارىسى. جۈپتىڭىز سىزگە ئۆزىنىڭ كۆپرەك بوشلۇققا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئېنىقراق دېيىشىنى ئۆتۈنۈڭ.

« دېمەكچى بولغىنىڭىز ؟ » بۇنداق سوئال سوراشتىن ھەيۋە قىلغانلىق ۋە گۇمانخورلۇق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتمەيدۇ. ياكى سىز سىلىق تەلەپپۇزدا: « ھە، راستمۇ ؟ » دەپ سوراڭ. بۇمۇ ناھايىتى ياخشى سوئال سوراش شەكلى ( تەلەپپۇزىڭىزغا مەسخىرە ئارىلاشمىغان بولسا ) . بۇ ئىككى خىل ئىنكاس ئارقىلىق جۈپتىڭىزنىڭ مۇداپىئە پسىخىكىسىنى پارچىلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى بىز « پەقەت بىلىپلا قالساق » دەيدىغان پوزىتسىيىمىزنى ئىپادىلەيمىز. بۇنىڭدا ھېچقانداق ھۇجۇم قىلىش ھەم ئىغۋاگەرچىلىك يوق.

ئۈچىنچى ئۇسۇل شۇكى ، ئۇ موھتاج بولۇۋاتقان بوشلۇقنى ئۇنىڭغا بېرىش. ئەلۋەتتە، قانداق ئەھۋالدا قانچىلىك بوشلۇق بېرىش، بۇنى ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلىڭ. بىر مىسال كەلتۈرەي ، شەنبە كېچىسىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈش نىيىتىڭىز بولمىسا ، جۈپتىڭىزنى دوستلىرى بىلەن چاڭغا تېيىلىشقا بارغۇزمايدىغان ئاساسىڭىز يوق، ئەمما ئۇ چاڭغا تېيىلىش پىلانىنى سىلەرنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنۈڭلارغا ، يىللىق خىزمەت دوكلات بېرىدىغان ۋاقتىڭىزغا توغرىلىسا ياكى شۇ كۈنى قىزىڭىز تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولسا، سىز « ياق » دەپ ئۇنى توسۇڭ.



ئۇنىڭغا « ياق » دېگەن چاغدىكى پەيت ۋە پوزىتسىيە



ئىنتايىن مۇھىم. سىز ئېغىز ئېچىشتىن ئاۋۋال، چوڭقۇر
بىر نەپەس ئېلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلىشاي
دېگەن ئويغا كېلىڭ. بۇ شەنبە ئۇ چاڭغا تېيىلغىلى با-
رالمايدىغانلىقىنى چۈشەنسۇن، سەۋەبىنى ئۇنىڭغا چۈشەن-
دۈرۈڭ. ئۇنىڭ جەزمەن ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز
بارلىقىنى تەكىتلەڭ، ئۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ شەنبىسىگە تەسىر
يەتكۈزمەيدىغان بىر ۋاقىتنى تاللاش تەكلىپىنى بېرىڭ.

ئەگەر ئۇ ۋاقىتنى كېيىنكە سۈرۈشنى رەت قىلسا، سىز شەرت
قويۇشقا ھەرىكەت قىلىڭ ياكى ئۇنىڭغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشنى
دەڭ. ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، خاپا بولسىڭىز بو-
لىدۇ. يادىڭىزدا بولسۇنكى، بىتەرەپ پوزىتسىيىنى ساقلاڭ. ئۇ
ئەلۋەتتە بىر شەخسىيەتچى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ئۇنىڭ ئىخ-
تىيارىدىكى ئىش بولماسلىقىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مە-
سىلەن، چاڭغا تېيىلىش ئىشىنى ئۇ باشقا بەش دوستى بىلەن نەچچە
ھەپتە ۋاقىتنى چىقىرىپ پىلانلىغان. بىر بۇنداق ئەھۋالدا ئىختى-
يارسىز باشقا بىر مەسىلىنى ئويلايمىز: « مەن نېمىشقا ئۇنىڭ
بۇ پىلانىدىن بۇگۈن خەۋەر تاپىمەن ؟ »

ئەگەر خاپا بولسىڭىز، بۇنى ئۇ بىلسۇن، خۇيلانماڭ ياكى تە-
لەپپۇزىڭىزغا تەھدىت ئارىلىشىپ قالمىسۇن، قىساس ئېلىش نە-
يىتىدە تېخىمۇ بولماڭ. ئارازلىقىمىزنى قورساقتا سولاپ يۈرۈۋەر-
مەي، مۇۋاپىق ئىپادىلىشىمىز كېرەك. پارتلاپ كەتسە يىغىشتۇ-
رۇۋالماق تەس.



ئاخىرىدا، ئۇنىڭغا بوشلۇق
بېرىش بىلەن تەڭ، سىزمۇ بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆ-
زىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى بېيى-
تىڭ. بىر دوستلۇق،
ھەرىكەت، يالغۇز





قىلىش ياكى باشقا جايلاردىن تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىنى قانچە كۆپ تاپقانسېرى ، جۈپتىمىزنىڭ « كۆپرەك بوشلۇققا ئېرىشىش » تەلىپىدىن نارازىلىق ھېس قىلمايمىز .

جۈپتىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز مەيلى ياخشى ياكى ناچار بولسۇن، قارشى تەرەپكە كۆپرەك بوشلۇق بېرىش، كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

ئۇ كۆپرەك شەخسىي بوشلۇق تەلەپ قىلغان چاغدا، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ بوشلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىز . ماڭا ئىشىنىڭ ، سىزمۇ ئوبدان ئارام ئېلىپ تازا راھەتلىنىدىغان ياكى تۇرمۇشىڭىزنى بېيىتىدىغان ئازدۇر - كۆپتۇر ۋاقىتقا موھتاج. ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئۆز بوشلۇقىڭلار بولسا، بىللە بولغان ۋاقىتىڭلارنى يەنىمۇ قەدىرلەيدىغان بولىسىلەر.





## ئۇ سزنى ئۆزنىڭ ئاپسدەك ھېس قلدۇ



ئەرلەر : « سىز خۇددى ئاپامدەكلا » دېگەن چاغدا ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئويى مۇنداق:

*ئادەمگە ھەدەپ ھەيۋە قىلىسىز؛*

*سوئاللىرىڭىز بەك كۆپ بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن؛*

*يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ بېشىمغا چىقىۋالدىڭىز؛*

*مەخپىيەتلىكىمگە دەخلى - تەرۇز قىلدىڭىز؛*

*سىز مېنى دۆت چاغلاۋاتىسىز؛*

*ئالدىڭىزدا ئۆزۈمگە خۇددى كىچىك بالىدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىمەن....*

ئەرلەر بىئارام بولغاندا ، دىلى ئازار يېگەندە ياكى ئۆزىنىڭ مەيدانىنى قوغداش ئۈچۈن نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلمەي قالغاندا، مۇشۇنداق بىر يۈرۈش ئۆتكۈر قورالنى ئىشقا سالىدۇ . مەن شۇنى بايقىدىمكى، « سىز گويا ئاپامدەكلا » دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ناھايىتى ئىنچىكە مۇناسىۋىتى بار . ئۇلار مەيلى ئاپىسىنى ياخشى كۆرسۇن ياكى يامان كۆرسۇن ياكى ئاپىسىغا قارىتا قانداقتۇر مۇرەككەپ ئىددىيىۋى ھالەتتە بولسۇن، ئەرلەرنىڭ ئۆز جۈپتلىرى بىلەن





بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى ئايال كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇمۇ مېنىڭ ماڭا مەپتۇن بولغۇچىلاردىن نېمە ئۈچۈن: « ئاپىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز قانداق؟ » دەپ سورىشىمدىكى بىر سەۋەب.

ئەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت — ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ناۋادا بىز: « قەدىرلىكىم، مېنىڭچە سىز بۇ ئەمەل ئۆسۈش پۇرسىتىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك » دېسەك، بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى بىز: « سىز ئەقىللىق ئەمەس، دۆت ... » دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ ھېس - تۇيغۇ ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپ دەۋرىگە ئېپكېتىدۇ، ئۇ ماتېماتىكىدىن ئۆتەلمىگەن كۆرسەتكۈچنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ، ئاپىسىدىن بىر قەپەس تىل ئىشىتىدۇ، يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك بولىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا ئاپىسى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتكە قارىتا ئىنتىزارلىق ھەم نەپرەتكە تولغان زىددىيەتلىك روھىي ھالەت كۆرۈلگەن بولاتتى. شۇڭا، بىز يېقىنلاشساق، ئۇ تۇگۇلىۋالىدۇ، ھەممە نەرسىدە ئۆزىگە تايىنىش كېرەكتەك؛ بىز يىراقلاشقان ھامان، ئۇنىڭدىكى ئىگىلەش ئىستىكى يەنە ئەدەشكە باشلايدۇ، ھەتتا ئۇ يېنىمىزدا يوق ۋاقىتتا قىلغان ئىشلىرىمىزدىن سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قىزغىنىدۇ.

بىز ئەرلەرنىڭ كۆزىگە يۈزىمىزگە ئاپىسىنىڭ نىقابىنى تارتىۋالغاندەك كۆرۈنىمىز. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ بىزدەك ئاياللارنى مەھبۇب ھېسابلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار بىزگە مۇھەببەت قويالامدۇ؟





# ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟

فروئىدنىڭ ئاتالمىش « ئىدىپاس ئىدىيىۋى ھالىتى » توغرۇلۇق ۋاقتىنچە توختالمايمىز . ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئەرلەردە بالاغەتكە يېتىلىش مەزگىلىدىن تارتىپلا ئاپىسىغا نىسبەتەن زىددىيەتلىك روھىي ھالەت پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئوغۇل باللار ئەركەكلىك باسقۇچىغا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ، ھاياتىنىڭ ھىماتچىسى ، مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ مەنبەسى بولغان ئاپىسىدىن ئايرىلىشى زۆرۈر . فروئىدنىڭ قارىشىچە ، بىر ئوغۇل بالا ئالدى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئىلكىدىن يىراقلاشقاندىلا ، ئاندىن ئوڭۇشلۇق ئەر بولالايدىكەن .

بۇ قاراش ، مەن ئوغلۇم ئىۋاننى تۇغقان كۈندىن باشلاپ ( ئۇ ھازىر ياشلار قاتارىغا كىرىپ قالدى ) مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ كەلمەكتە . ئۇ ئۆسۈپ - يېتىلىش داۋامىدا مەن توختىماي ئويلاندىم . بۇنداق ئايىنىپ كېتىش جەريانىدىن راستىنلا ساقلانغىلى بولامدۇ - بولمامدۇ ، ئىزدەندىم .

مەن مۇنداق بىر تەجرىبە قىلدىم ، ئىۋاننىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىغا ئۇنىڭ ئاتىسى گايىروي پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئىۋان مېنىڭدىن يىراقلىشىپ ، ئۆزىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلامدۇ - قىلمامدۇ ، مېنىڭ مۇشۇنى بىلگۈم بار ئىدى .

ئۇ ئاخىرى دېگەندەك شۇنداق قىلدى . بۇ ئىش يۈز بېرىدىغان چاغدا يۈز بەردى . مەن بۇ ھالەتنى ئالاھىدە دېلو دەپ قارىماسلىققا تىرىشتىم . لېكىن ، بۇ مەن ئۈچۈن ھامان زەربە ئىدى . ئون ئۈچ ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىدىن ۋە قۇرامىغا يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان مۇراسىمدىن ئىككى كۈن ئاۋۋال ، ئەزەلدىن ماڭا ئامراق ئوغلۇم ماڭا ، ماڭا نىسبەتەن





چىدىغۇچىلىكى قالمىغانلىقىنى دېدى . شۇنىڭدىن بىر- نەچچە كۈن بۇرۇن، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىم. ئۇ ماڭا ئەدەپلىك مۇئا- مىلە قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر يەرلىرىدىن تېلېفوننى قويۇۋېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئىۋاننىڭ ئىپادىسى ماڭا ئېغىر زەربە بولۇپ تۇيۇلدى، مەن لەرزىگە كەلدىم، خۇددى ئەڭ قەدىرلىك ئوغلۇمدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كەتتىم. گەرچە يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: « سېنىڭ ھەقىقىي ئەركەك بولغىنىڭنى قۇتلۇقلايمەن » دېدىم .



ئىۋان ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇ ئۆزى- نىڭ ئەركەك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن بۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى، بول- سىمۇ ئۇنى ئۇ بىلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم، ئۇ مېنىڭدىن چەك - چېگرىسىنى ئاجراتماقچى ئىدى.

ئۇخلاش ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇ مېنىڭ ھۇجرامنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە ماڭا « ياخشى چۈش » تىلىدى. بۇ ئون ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇنى كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويۇشۇمغا ئۇ بىرىنچى قېتىم يول قويمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا « ياخشى چۈش » تىلىدىم. ئۇ قەدىمىنى ئاستا يۆتكەپ، بىردەم ئارىسالدى بولدى - دە، بالدۇر يېتىلگەن ئوغلۇم يەنە ھۇجرامغا كىرىپ كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ماڭا: « ھە، مەن بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى قىياس قىلىپ بىلدىم، بۇ سىزنىڭ باشقۇ-





روشىنگىزدىن قۇتۇلۇپ باشقا قىزلارنى ياخشى كۆرۈشكە باشلايدىغىنىمدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقمۇ؟ » دېدى.

« توغرا دېدىڭ » دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى كارىۋىتىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدۇم.

شۇڭا « ئىلمىي تەجرىبەم » گە ئاساسەن، « مەن ئاپامغا تايانمىسامىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلىنىمەن » دېگەن قاراشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم. بىز بالىلىرىمىزنى مەيلى قانداق باقايلى، بۇنىڭدىن ساقلانماق تەس. ئوغۇل بالىلار ئانىنىڭ مۇھەببىتىگە موھتاج، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بۇ مۇھەببەت پەيدا قىلغان ئاسارەتنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھال ئاياللار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلارنى دىل ئازارى يەپ قېلىشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئوغۇل بالىلار ئانىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ، ئۇلارغا بىر تەرەپتىن مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىش كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. بىزنىڭ ياندا تۇرۇپ قوللىغىنىمىزنى ئۇلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىش ياكى بېسىم دەپ قارايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

بۇ مەسىلىدىكى ھالقىلىق گەپ « موھتاج » بولۇشتا. ئوغۇل بالىلار ئۆزىنىڭ ئانىغا بولغان موھتاجلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەلمەيدۇ. بۇنداق ئىدىيىۋى ھالەت قىز دوستىغا، خوتۇنىغا بولغان موھتاجلىقىنى بىۋاستە ۋەھىمىگە ھەم تېڭىرقاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن بېسىم ھېس قىلغان چاغدا: « ئاپامغا ئوخشاش قىلىق قىلمىسىڭىز بولامدۇ؟ » دەيدۇ.

نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ قۇربانى دەپ ئويلايدۇ. ناۋادا ئۇلار كىچىك چېغىدا ئاپىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن يېتەرلىك مۇھەببەتكە ئىگە بولالمىغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە نىكاھ ئىشلىرىغا ھەم تۇرمۇشىغا قارىتا، ئۇلاردا كۆپ نارازىلىق كۆرۈلىدۇ. قىرىق ـ ئەللىك ياشلىق كۆپلىگەن





ئانىلار ھېلىھەم ئۆزى ئوينىغان « ئانىلىق » رولىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە . بۇ ئوغۇللىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا ، ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاشقا ئېلىپ بارىدۇ .

مەن ناھايىتى كۆپ ئەرلەرنىڭ ئاپىسىغا جەزمەن « غەمخورلۇق » قىلىش كېرەك دەپ قارايدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلىرىنى جىق ئاڭلىدىم. بۇنى پۈتۈنلەي ئادىل قاراش دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

ئۆسۈپ - يېتىلىش داۋامىدا ، ئوخشاشلا ئاپىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز ، ئەلۋەتتە. ئۇلار بىزنىڭ تۇنجى ھەم ئەڭ ئەھمىيەتلىك دوراش ئوبيېكتىمىز . كېيىنكى كۈنلەردە بىز بىلىپ - بىلمەي ، بۇنى باللىرىمىزغا ، ھەتتا جۈپتىمىزگە تەقلىد قىلىمىز .

بىز ئۇلارغا كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز ، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىمىز مۇشۇ. توغرا، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش ۋە گەپ - سۆزلىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك تۇرسا، قانداق قىلىسىز ؟ ئۇنىڭغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى دەيسىز ، كەينىدە يۈرىسىز ، راست قىلغان - قىلمىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىسىز ، تاماملاپ بولغان - بولمىغانلىقىنى سورايسىز ، توغرا قىلمىغان ياكى راۋرۇس قىلمىغان بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ قول سېلىپ قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ .

ناۋادا سىز راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولسىڭىز ، بۇ ئىشنى بۇزغانلىقىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭىز ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قانچە ئوخشىغانسېرى ، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئاپىسىغا قارشىلىق بىلدۈرگەن چاغلىرىدىكى ئەسلىمىنى قوزغاپ قويىسىز . ئۇ مەيلى بىزگە يېتىلگەن ياكى يې-





تىلمىگەن ۋە مەسئۇلىيەتچان ياكى مەسئۇلىيەتسىز تۇيۇلسۇن، بۇنداق پوزىتسىيە مەسىلىنى بەك مۇرەك-كەپ قىلىۋېتىدۇ. جۇپتىڭىز ئۆزىنى «كەمسۇندۇرۇل-غان» دەك سېزىدۇ، يۈزى چۈشكەندەك بولۇپ، چىچاڭ-شىپ كېتىدۇ.

پوزىتسىيىڭىز هاكاۋۇر، گەپ - سۆزلىرىڭىز زەردىلىك بولسا، جۇپتىڭىزنىڭ مەخپىيىتىگە هۆرمەت قىلمىسىڭىز، ئۇنىڭ نە-زىرىدە سىز ئۇنىڭ قېرى ئاپىسىغا ئوخشاپ قالىسىز. توختىماي ئۇنىڭدىن سوئال سورىسىڭىز، ئۇ تەبىئىي هالدا تۇگۇلۇۋالىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە زېرىكمەي تالاي قېتىم جاۋاب بەرگەن-لىكىنى دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كۆز ئالدىغا كەچ قالغان بۇرۇنقى چاغلىرى، ئۆيگە كېلىپ قارىسا، ئاپىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭدىن يۈرگىنى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىنى تەپ-سىلىي سورىغانلىقى كېلىدۇ.

ئۇچىنچى، جۇپتىڭىزدىن ئېۋەن ئىزدەش ۋە ئۇنى تەنقىدلەش، ئۇنىڭدا ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغان سەلبىي تەسىرىنى قوزغى-تىدۇ. مەسىلەن، ئاپىسى ئىلگىرى ئۇنىڭغا رادىئونىڭ ئاۋازىنى پەس قىلىش، هۇجرىسىنى تازىلاش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش، لايىقىدا قىز تاللاش تەلەپلىرىنى قويۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن هەرقانداق بىر ئېۋەن ئىزدىسىڭىز، ئۇ ئاپىسىدىن دەشنام يېگەن چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن (ياكى ئاڭلىدىم دەپ قارايدۇ): «ئىپادىڭىز تازا ياخشى ئەمەس» دېگەن گەپنى ئاڭ-لايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۆۋەندىكىدەك ئىنكاستا بولىدۇ. چېكىنىدۇ ياكى قىساس ئالىدۇ. ئۇ هەرىكەت ۋە روهىي جەهەتتە سىزدىن بارا - بارا يىراقلىشىشى مۇمكىن، سىز بىلەن تاكاللىشىشى، ياكى هۇ-جۇمغا ئۆتۈشى ئېهتىمال.



بىز بۇنى تازا ئادىل ئەمەس دەپ تونۇيمىز، بىز پەقەت ياردەم بېرىشتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بىزگە دىل ئا-



زارى بولۇپ تۇيۇلغان يېرى شۇكى، ئۇلار بىزنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

جۈپتىمىز ئۇچۇن ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمىز تۈپەيلى ئۇلارغا ئەھۋالىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكىمىز ئاجايىپ تەس. بىز جۈپتىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمىز، ئۇلارغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ بۇنداق كەيپىياتىمىز، يېڭى ئايىغى چىقىپ تايتاڭلاپ كېتىۋاتقان بالىمىزغا يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ قاراپ تۇرغان چاغدىكى كەيپىياتىمىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

لەنت قىرىق ياشقا بېرىپ قالغان ئايال، ئۇ نىكاھ ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت سوراپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئوڭۇشسىز تەجرىبىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ قالدىم: « ماك ( لەنتنىڭ ئېرى ) ئالتە ئايدىن بۇيان ئىشسىز قالدى. كىرىم مەنبەيىمىزدىن بەك ئەنسىرىدۇق، ماك تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېڭى خىزمەت تېپىۋېلىشىغا بەك تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، تەرجىمىھالىنى ئۆزگەرتىشىپ بەردىم. ئۇنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقى، قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقى، مۇۋاپىق پۇرسەتنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم. ھەر ھەپتىلىك گېزىتلەرنىڭ ئېلان بېسىلغان يەرلىرىنى قىيىشىپ بەردىم، ئۇنىڭغا ئادەم كۈچى بايلىقى مەركىزىگە بېرىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىپ باقتىم. مەن قانچە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنسېرى، ئۇ بۇنىڭ ئەكسىچە شۇنچە خاپا بولدى » دەپ چۈشەندۈردى ئۇ.



« ماك بارغانچە پاسسىپلىشىپ كەتتى. ئۇ باشتا ئۆز-



لۇكىدىن تېلېفون ئۇرۇپ خىزمەت سۇرۇشتۇرۇپ يۈردى، يۈز تۇرانە ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغىمۇ قاتناشتى، كېيىن تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، توختىماي ھەسرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم، ياخشى كۆڭلۇمنىڭ يامانغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىلا بىلىمەن».

ئۇنداقتا، بۇنداق «ئاپا بىلەن كىچىك ئوغۇل بالا» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىدىغان قانداق ئۇسۇل بار؟ جۇپتىمىز ھەقىقىي ئەركەككە ئوخشاش بولسۇن، بىزمۇ ئۇلارنى چوڭ بولمايدىغان بالا قاتارىدا كۆرمەيلى.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئەڭ ئاددىي بىر ئېغىز گەپ مۇنداق: ئۇنىڭغا قۇرامىغا يەتكەنلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

ئالدى بىلەن، ئۇنىڭغا قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش توغرۇلۇق گەپ قىلماسلىق كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك سىزنى بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇڭ دېگەنلىك ئەمەس. نوپۇزلۇقلارچە پوزىتسىيىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكلىپ تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ دېگەنلىك. مەسىلەن، سىز: «سىز ئەلۋەتتە» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا: «ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىڭ. لەنت ماكنى تارتىپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تۇرلەرگە بۆلۈنگەن ئېلانلاردىن ئۇنىڭ كەسپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېلانلارغا بەلگە ئۇرماي، شۇ ھەپتىدىكى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ئېلانىنى، ئۇنىڭ كەسپىي دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاددىي قىلىپ دېگەن بولسا ياخشى بولاتتى.



ئىككىنچى، جۇپتىڭىزنىڭ ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. بۇ ئۇلگىلىك «ياخشى ئاپا»



بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قالدۇق ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرسەك، كۆڭلىرىمىز بىر مەزگىل ياخشىراق ئۆتۈشى مۇمكىن. بۇنداق ئىش ئۇزاق داۋاملاشسا، ئاسارىتى يۈز بېرىدۇ — ئۇ پىشىپ يېتىلمىگەن بالىغا ئوخشاش مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بىزمۇ مەڭگۈ ئاپىنىڭ رولىنى ئېلىپ كېتىۋېرىمىز. ئۇنىڭ دوستىغا، مەھبۇبىغا ياكى تۇرمۇشىدىكى ھەمراھىغا ئايلىنالمايمىز.

ئۈچىنچى، جۈپتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانماسلىق كېرەك. بىز جۈپتىمىزنىڭ قەلب رۇجەكلىرىنى ئېچىشىنى، بىزنى ئىچكى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزراق بىر تەرىپىنى ئىپادىلىگەندە، بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى توختىماي قىستايمىز. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئاپىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ئويغىنىدۇ. ئۇلار تېڭىرقاش ۋە ئوڭۇشسىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە بىز بىلەن يەنىمۇ يېقىنلىشىشنى ئويلايدۇ، لېكىن ئالدىمىزدا ئويلىغىنىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھامان بىز ئۇلارغا ئۇلاردىن كۆپ كۈچلۈكتەك، ئۇلار ئۆز - ئۆزىگە ئاجىزدەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بىز ئەرلەرنىڭ غورۇرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، ئۇلارنىڭ بۇنداق ھۆرمەتلىنىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، «ئانىلار» غا ئوخشاش قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلىشتىن ياكى جۈپتىمىزگە ئۇنىڭ ئاپىسىدەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شۇكى، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش پەزىلىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بىز ئۆزىمىزنىڭ يېتىلىشىگە، خىزمەتتىكى رېئال ئۆزىمىزگە، دوستلار ئارا مۇناسىۋەت ۋە قىزىقىشىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلسەك، جۈپتىمىزنىڭ گەپ - سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا ئانچە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمىز.



ئەلۋەتتە، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خەتىرى بار.



بىز ئۆزىمىزنى قانچىكى خۇشال، قانچىكى كۆتۈرەڭگۈ
ھېس قىلساق، جۈپتىمىزنىڭ ناباب ھەم گۆدەك ئىكەنلى-
كىنى شۇنچىكى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن، بۇ چاغدا
ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇرمۇشى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە
تۇشلۇق ئاسمىنىمىز بار دېگەن ئۇقۇمنى سەمىمىزگە سېلىپ تۇ-
رۇشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش شەكلى
بىلەن تەمىن ئەتسەك، كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى ئۇلار بىز بىلەن يان-
دىشىپ مېڭىشى ئېھتىمال.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

ناۋادا سىز « ئانا » قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان بول-
سىڭىز، جۈپتىڭىز پىشىپ - يېتىلگەن ئەر بولۇشقا مەجبۇر
بولىدۇ، ھەممە ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر سىز ئانا
بولغان بولسىڭىز، يەنە بىر « بالا » نى كۆپەيتىپ يۈكىڭىزنى ئې-
غىرلاشتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ھەقىقىي ئەركەك بولۇش
پۇرسىتىگە ئىگە بولسۇن، سىز ئۇنىڭ يېتىلىشىدىن ۋە ئۆزگىرى-
شىدىن ھەيران بولىسىز.





# بەشىنچى جىنايەت ئۇ سىزنىڭ هاجىتىڭىزغا سەل قارايدۇ

بىرنەچچە كۆنلۈك ئالدىراش خىزمەتتىن كېيىن، ئاخىرى جۈمە كۈنى كەچ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا سىز ئۆيگە بېرىپ ئوبدان ئارام ئېلىپ، بۇ كېچىنى جۈپتىڭىز بىلەن رومانتىك ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى ئويلىمايسىز.



شۇنىڭ بىلەن، سىنئالغۇ لېنتا دۇكىنىدىن ئۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان لېنتىنى، تېز تاماقخانىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئالىسىز، ئاندىن ئۆيگە بېرىپ راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، نېپىز ئىچ كىيىم كىيىپ، جۈپتىڭىز يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ يېرىم سائەت ۋاقىتنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزىسىز.

يېرىم سائەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ نېمىشقا بۇ چاغقىچە كەلمەيدىغاندۇ دەپ ئەندىشە قىلىسىز. يەنە يىگىرمە مىنۇت ئۆتۈپ كېتىدۇ، تېلېفون جىرىڭلايدۇ. « قەدىرلىكىم، — دەيدۇ ئۇ تېلېفوندا، — نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ » سىز ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ: « ھېچنېمە قىلمىدىم، سىزنى ساقلاپ ئولتۇردۇم » دەيسىز. « ھە، — دەيدۇ ئۇ جاۋابەن، — بىز بىر توپ ئادەم ئازراق بىرنەرسە ئىچمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئون ئىككىلەر بىلەن ئۆيگە قايتىمەن، بولامدۇ ؟ » دەيدۇ.





بولامدۇمىش تېخى ؟ ئۇ سىزنىڭ بىر ئوبدان كې-چىلىكىڭىزنى مۇشۇنداق ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇ نېمىشقا ئۆزىنىڭ جۈمە كۈنى نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدى-غانلىقى توغرۇلۇق سىز بىلەن ئالدىنئالا مەسلىھەتلەشـ-مەيدۇ، ئاخىرقى پەيتتە، مۇنداقلا دەپ قويۇش مەجبۇرىيەتمۇ ؟ چې-كىدىن ئېشىپ كەتكەن يېرى شۇكى، ئۇ سىزنى تەكلىپ قىلىپمۇ قويمايدۇ، سىزگە بۇرۇنراق دېگەن بولسا، ھېچبولمىغاندا سىزمۇ دوستلىرىڭىزنى تەكلىپ قىلغان بولاتتىڭىز ياكى ئۆزىڭىز سىرت-لارغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگەن بولاتتىڭىز، ئەمدى بەك كەچ بولۇپ كەتتى! ئاچچىقىڭىزدا ھېچقانداق ئىشقا قولىڭىز بارمايدۇ.

مەندە بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ. تايروي بىلەن جېكقا ئوخشاش. ئۇلار ئۈچ يىل بىللە تۇرغان. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان شەنبە كۈنى كېچىسىنى پىلان بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار بۇ ھەپتە مارى بىلەن بىرنىڭكىگە بېرىپ ساياھەت كېمىسىدە پەيزى قىلماق-چى بولغان. تايروي بۇنىڭدىن قالتىس خۇش بولغان، چۈنكى شۇ كۈنى ھاۋانىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقىدىن مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئالدىن مەلۇمات بەرگەن. ئۇ يېقىندا ئىككى كىلو ئورۇقلىغاچقا. يېڭى ئالغان يىپەك كۆڭلىكىنى كىيىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گۈزەل قامىتى نامايان بولاتتى.

جۈمە كۈنى كەچتە، جېكتىن تېلېفون كەلدى. تايروي ئۇنىڭغا شەنبە كۈنى كېلىپ ئۆزىنى ئېپكېتىشنى ئېيتتى. جېك بىردەم ئارىسالدى بولۇپ، تىلىنى چايناپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇشۇ شەنبە كۈنى سەھرادىكى ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كەلمىسە بولمايدىغانلى-قىنى، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى دېدى. ئۇ يەنە ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان چاغدا ئۆزىنىڭ بەك ھېرىپ كېتىـ-دىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يەكشەنبە كۈنى تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. تايروي رەنجىدى ھەم ئۈمىدسىزلەندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تېلېفوندا جېكقا: « ئەمىسە، كۆڭۈللۈك





ئويناپ كېلىڭ » دېدى ـ دە، تېلېفوننى قويۇۋېتىپ بىر قەپەس يىغلىدى.

يەنە بىرىگە ۋىنتېنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن. ئۇنىڭ ئېرى كېتىنىڭ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكىنىگە بەش كۈن بولغان، ئۇلارنىڭ بالىسى ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغان. ۋىنتې خىزمەتتىن چۈشۈپ تاڭ ئاتقۇچە بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ نەچچە ئاخشام تۈزۈك ئۇخلىمىغان. ۋىنتېنىڭ ئاچىسى ئۇنى تاماقتا، ئاندىن كېيىن كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ تېلېفون قىلغان، گەرچە ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيدە ئولتۇرسا ئارام ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى، بالىسىنىڭ ھالىدىن ئۇنىڭ خەۋەر ئې-لىپ قويۇشىنى، ( كەچلىك تاماق ئوچاقنىڭ ئۈستىدە ) ، بالىنى سائەت توققۇزدا ئۇخلىتىۋېتىشنى ئۇنىڭغا دېگەن.

« مەن بۈگۈن كەچتە قارتا ئوينايمەن، — دېگەن كېت ، — « ئاچىڭىز بىلەن تاماق يېگىلى ئەتە بارسىڭىز بولىدىغۇ » . بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋىنتې ئۆزىنى تۇتالماي قالغان. ئۇ: « مەن نەچچە كۈندىن بېرى بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ھالىمدىن كەتتىم. سىز بولسىڭىز كەچتە قارتا ئوينىغىلى چىقىمەن دەيسىزا » دې-گەن. بىر قەپەس جېدەلدىن كېيىن، كېت سىرتقا چىقىپ كېتىپ، تۈن يېرىمىدا قايتىپ كەلگەن.

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟

ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئالدىنئالا ھۆكۈم چى-قارمايلى. چۈنكى ئاراڭلاردا ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى ئورنىتىلمىغان ياكى ئۇ راستىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ بۇ ئىشتىن سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويالمىغان.



يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، سىز پىلانىڭىزنى ئۇنىڭغا



ئېنىق دېمىگەن. بەزى ئەرلەر جۈپتىنىڭ بارماقچى بولغان
مەنزىلىنى ئۆزلىرىگە ئوچۇق دەپ قويۇشقا موھتاج بولىدۇ،
سىز بۇ ئىشلارنى باغاقچىغا يېزىپ ئۇنىڭ سەمىگە سىلە-
شىڭىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئاڭلىماققا كۈلكىلىك ئىش ئىكەن-
لىكى ماڭا مەلۇم، جۈپتىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسە-
تىگە يېتىش ئۈچۈن، سىز جەزمەن مۇشۇنداق ئېنىق، ھەتتا رەسمىي
ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۇسۇلىنى قولانمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىشتىن ئاۋۋال بىزگە دەپ قويماسلىقىنىڭ يەنە بىر
سەۋەبى شۇكى، ئۇلار يالغۇز كىشىلىك تۇرمۇشقا ئاللىبۇرۇن كۆنۈپ
كەتكەن. توي قىلغىنىغا بىر مەزگىل بولغان ئەرلەرمۇ بەزىدە ئۆ-
زىنىڭ ئىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ——
مۇشۇنداق قىسمەن پاكىتنى ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلىدۇ. ئەرلەر
كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىل يا-
شاش يولى بويىچە تەربىيىلەنگەن، ئاياللارغا بولسا، بەختكە ئىن-
تىلىش، باشقىلار بىلەن، مەيلى دوست، بالا، ئائىلە ئەزالىرى ياكى
جۈپتى بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدىيىسى
سىڭدۇرۇلگەن بولىدۇ.

مېنىڭ داۋىد ئىسىملىك بىر دوستۇم بار، ئۇ ئېتىراپ قىلىپ:
« مەن خوتۇنۇمنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. بىراق، بىز نەچچە
قېتىم يېقىنچىلىق قىلىشقان چاغدا، مەن ئىختىيارسىز ھالدا
ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم كەلدى. ماڭا ئۆزۈمگە تەۋە بولغان
مەلۇم قىسمىم ناھايىتى تېز يوقاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى »
دېگەنىدى.

ئەرلەرنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنى-
يەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەلۋەتتە. توي مۇراسىملىرىدا ھەر
ۋاقىت: « ئەركىنلىكىڭىز بىلەن خوشلىشىڭ »، « قىممىتى بار
بويتاقتىن يەنە بىرسى ئازايدى » دېگەندەك پاراڭلارنى
ئاڭلاپ تۇرىمىز. مەخسۇس ئەرلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن





« بويتاقلىق بىلەن خوشلىشىش يىغىلىشى » ئەرلەرنىڭ سەمىگە خۇددى « ئەركىنلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىنى چىڭ تۇتۇش » كېرەكلىكىنى، توي قىلىش ئۆمۈرۋايەت زىندانغا بەند بولۇپ كېتىش ئىكەنلىكىنى سىڭدۈرۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

مەسلىھەت سورىغىلى كەلگەن لېسلىي ئىسىملىك بىر ئايال ماڭا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەن، ئىلگىرى بىر قېتىم توي قىلغان ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ ئەر دوستى سىيسېن بۇرۇن كۆپ ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان، ئەمما ئارىلاشقان ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئاشمىغانىكەن.

لېسلىي مۇنداق دېدى: « مەن سىيسېن بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، بىز كىنوغا باردۇق. ئېلان فىلىمى قويۇلۇۋاتقان چاغدا، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بىردىنلا بەك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى، هاجەتخانىغا كىرىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇنىڭ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە يىگىرمە مىنۇت يوقاپ كېتىدىغىنىنى كىم بىلسۇن. بۇ ئىش ماڭا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئەرلەر هاجەتخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى چاقىردىم، هاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بىر ئەر قاراپمۇ چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. كىنوخانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىدىم. ئاۋات رايوننىڭ كوچىسىدا تىكەندەك يالغۇز تۇرۇپ كەتتىم. ئالاھەزەل ئون مىنۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭ بەخىرامان هالدا ئۇدۇل تەرەپتىكى كوچىدىن كوچا سەيلىسى قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم: « نەگە كەتتىڭىز؟ » دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن: « ئۇدۇلدىكى ماگىزىنغا ئاپتاپتا تاقايدىغان كۆز ئەينەك ئالغىلى باردىم » دېدى.

لېسلىي شۇ ئان گاڭگىراپ قالغان. « سىز ئىشىنەمسىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا، — بىللە كىنو كۆرۈۋاتقان بىر چاغدا، ئۇنىڭ كىنوخانىدىن چىقىپ كۆز ئەينەك ئالىمەن دەپ





كەتكىنى قىزىق ئىش ئەمەسمۇ! شۇ چاغدا كىنونىمۇ كۆرگۈم كەلمىدى. بىز بىر يەرنى تېپىپ قەھۋە ئىچتۇق. بايامقى ئەھۋال توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە بىرەر ئايال بىلەن يۈرۈپ باقمىغىنىغا خېلى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، بىردەمنىڭ ئىچىدە، ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى دېدى ».

سېيىسپېن لېسلىيدىن توختىماي كەچۈرۈم سورىغان، ئۆزىنىڭ لېسلىيغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىغا كاپالەت بەرگەن. ئۇ سېيىسپېننىڭ كەچۈرۈمىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما بۇنداق « ۋاقىتلىق ئۇنتۇغاقلىق ئالامىتى » ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان قىزغىنلىق دەرىجىسى بىلەن زادى مۇناسىۋەتلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، لېسلىي بۇنىڭدىن ئىختىيارسىز گۇمانلانغان.



بەزىدە « ئۇنتۇپ قېلىش » بىلەن « غەرەزلىك » ئارىسىدىكى چېگرىنى پەرقلەندۈرۈش بەك تەس. مەن يېقىندا مەلۇم گېزىتخانىنىڭ بىر مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. مۇخبىر مەندىن: « ئەرلەر ئاياللارنىڭ تەسىراتىغا سەل قارايدۇ » دېگەن قاراش ھەققىدە سوئال سورىدى.

ئۇ ئۆزلىرى زىيارەت داۋامىدا يولۇققان بىر ئەمەلىي مىسالنى كۆرسەتتى: نانسى ئېرى پاۋلونىڭ ئوتتۇز بەش ياشقا تولغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئورنىدا كۆڭۈل قويۇپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىنى تەكلىپ قىلغان. بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك زىياپەتمۇ ئەمەس ئىكەن، يەنە كېلىپ قانداق ۋاقىتتا زىياپەتتە ھازىر بولۇش





پاۋلونىڭ ئۆزىگىمۇ ئايدىڭ ئىكەن. ئەمما شۇ كۈنى كەچ نانسى ئۇن نەچچە مېھماننى چاقىرىپ، پاۋلونى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق كۈتكەن، پاۋلو سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەن. پاۋلو ئۆيگە كېلىپ نانسىغا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە دوستى بىلەن ئويناپ، ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى دېگەن. ئۇ خوتۇنىدىن چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كەچۈرۈم سورىغان، كەچتىكى شۇ ئىشنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ بىلگۈسى بارلىقىنى ئېيتقان.

نانسى ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەش كېرەكمۇ ياكى ھەممىنى ئۇنىڭ «ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى» گە ئارتىپ كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەكمۇ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغان. گېزىتخانا مۇخبىرى مەندىن: پاۋلو مەقسەتلىك توۋا قىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش غەرىزى بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

مېنىڭچە، بۇ مۇھىم نۇقتا ئەمەس، مۇھىم نۇقتا ئۇنىڭ مۇددىئاسى ئەمەس، بەلكى ئىش – ھەرىكىتى. ئەرلەر پىلان تۈزگەندە (ياكى پىلاننى ئۆزگەرتكەندە) جۈپتىنىڭ ھېس – تۇيغۇسىنى ئويلىمايدۇ. بۇ ئەسلىدىمۇ قوبۇل قىلماق تەس ئىش. بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ خورىكىنى قانداق ئۆستۈرۈۋېتەلىگەنلىكىمىزگە قاراپ باقايلى.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق؟

ئىككى جىنس پائالىيىتىدە، ئايال كىشى ئىختىيارسىز ئىككى تۈرلۈك شەكىلنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدى بىلەن، بىز ئائىلىۋى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئاساسلىق تەشكىللىگۈچى رولىنى ئويناشقا ھېرىسمەن كېلىمىز. يىغىلىش ۋە دوستلار بىلەن بىللە سەيلىگە چىقىش، ئۇرۇق – تۇغقانلار بىلەن جەم بولۇش، باللارنىڭ دەرستىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى،





ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىمىزگە كىرگۈزۈۋالىمىز.

بىز ھەمىشە بىر نۇقتىغا سەل قارايمىز: بىز مۇشۇ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشتىن بۇرۇن، جۇپتىمىزنى ئالدىنئالا قۇلاقلاندۇرۇپ قويمايمىز، ئاغزىمىزنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ دېمەيمىز. ئۇلار «ياق» دېگەن ھامان، ئوڭايسىزلىنىپ قالىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىمىزغا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلمەيمىز. بەزىدە پائالىيەتلەرنى ئۆزىمىزنىڭ مەقسىتىمىز بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى جۇپتىمىزنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىمىزدىن ئىشىنىمىز، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ياكى بۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ھەپسىلىسى يوقلۇقىنى بايقايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرىدىغان چاغدا، ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ مۇتتەھەملىكىنى نامايان قىلىپ قويىمىز. سىز ئۆز تەشەببۇسىڭىزدا چىڭ تۇرۇپ، بۇنى جۇپتىڭىزگە كېيىن دېيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ ئوت تۇتاشتۇرۇش پىلتىسى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.

يادىڭىزدا بولسۇن، سىز قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىككى كىشىگە ئالاقىدار پىلانلارنى تۈزۈشتىن بۇرۇن يەنىلا جۇپتىڭىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغىنىڭىز تۈزۈك. بولمىسا ئۇنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇشىڭىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ بىر بولسا قەستەن ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى بولمىسا پىلانىڭىزغا توقۇنۇشۇپ قالىدىغان پىلانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىمىزنى بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرگە چۈشەندۈرۈش بەكمۇ ئاۋارىچىلىك.



ئۇلارنى ۋاقىتلىق خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشتا، بېشەملىك



ھەم قاتتىقلىق قىلساق، بۇنىڭدا ئەھۋال بارغانسېرى يا-
مانلىشىپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇگۈن جۇپتىڭىزدا بۇنداق ئەھ-
ۋال تاسادىپىي يۈز بەرسە، ئۇنداقتا مەسىلىنى ھەل قىلماق
ئاسانغا چۈشىدۇ. ئەمما مەيلى نېمە بولسۇن، ئۇنى ئەيىب-
لىگەن ياكى نارازىلىقىڭىزنى ئىپادىلىگەن چاغدا، گەپ - سۆزلەرگە
ۋە مۇئامىلىڭىزگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك.

دەر ھەقىقەتەن، ئۇ راۋۇرۇس ئەدەپلىنىشكە تېگىشلىك، ئۇ نې-
مىشقا سىزگە مۇشۇنداق ئېتىبارسىز قارايدۇ، ئۇ نېمىشقا ئۆيگە
سائەت سەككىزدە بارىمەن دەپ قويۇپ، سائەت ئون بىرگىچە قارى-
سىنى كۆرسەتمەيدۇ. سىز بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە مۇتلەق
ھوقۇقلۇق. ئۇ سىزگە: «مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ نېمە
ھاجىتى؟» ياكى «ھەربىر ئىشىمنى سىزگە دوكلات قىلىشىمنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوق» دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماش-
تۇرۇش نىيىتىڭىز بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ھۆرمەت قىلى-
شىنى ئۈمىد قىلىشىڭىز كېرەك، بۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ تۇ-
رۇڭ. گەرچە سىز ناھايىتى قەيسەر ئايال بولسىڭىزمۇ، جۇپتى-
ڭىزنىڭ بۇنداق ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قارىتا سىزدە ئاغرىنىش يا-
كى ئەيىبلەش ئالامەتلىرى يۈز بەرمەسلىكى تولىمۇ تەس. تۆۋەندە
بىزدە كۆرۈلىدىغان نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلىنىدۇ.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟

كۆپىنچە ئاياللار باشقىلار ئۇچۇن كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا بولۇشنى
بەك مۇھىم دەپ بىلىدۇ، شۇڭا بىز تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ غېمىنى
يېيىش، بولۇپمۇ جۇپتىمىزنىڭ غېمىنى يېيىش ئۇچۇن تىرىشى-
مىز. بۇ ئەھۋالدا ئەدەپسىز مۇئامىلىگە يولۇقساق، ئەلۋەتتە رەن-
جىيمىز. گەپ شۇ يەردىكى، غەزىپىمىزنى قانداق بىلدۇ-
رۇشنى بىلەلمەي قالىمىز، ئاچچىقىمىزنى چىقارغان ھا-





لەتتىمۇ، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق چاغدا، ئۆز ھېسسىياتىمىزنى بېسىۋېلىش يولىنى تاللاش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قاتتىق دىل ئازارىغا ئۇچرايمىزكى، چۈنكى بىز بۇنداق ئېتىبارسىز قاراش پو-زىتسىيىسىنى شۇ مەزگىللىك مۇناسىۋەتتە ئۇلار بىزگە ئوخشاش بەدەل تۆلىمەيدۇ، دەپ چۈشىنىمىز.

ئەمەلىيەتتە، ئەرلەرنىڭ ئۆزى ئۆيۈشتۈرغان پائالىيەتتىن بىزنى بالدۇر خەۋەرلەندۈرۈپ قويماسلىقى ياكى بىزنىڭ پىلانىمىزنى ئىل-كىگە ئېلىپ قويماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئەمدى بىزنى ياخشى كۆر-مەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىراق، بۇ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قو-يۇۋېتىشكە باناھە بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن دەپ قويۇشنىڭ ئورنىغا سوئال سوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىڭ. ئۇلارنى قارار قىلىشقا ئىشتىراك قىلىسىڭىز « تاللاش خاراكتېرلىك ئۇنتۇغاقلىق » ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلى-نالايسىز. سىناق قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ. ھەر ھەپتىدە مۇقىم بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ، كېلەر ھەپتىدە ھەر قايسىڭلارنىڭ قانداق پىلانلىرى، ھەر ئىككىڭلار قاتنىشىدىغان قانداق پائالىيەتلەر ئو-رۇنلاشتۇرۇلدى، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىڭلار. ئۇنىڭغا ئاۋۋال سۆز بېرىڭ، بۇ ئۇ ئۆيۈشتۈرغان پائالىيەتلەرگە ماسلىشىشقا رازى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ، بۇ پائالىيەت سىزنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ - ئالمامدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.



ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سىز ئۇنىڭغا ئۆز پىلا-نىڭىزنى دەڭ. ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى



يوق ھەم جۈپتىڭىزنى بالىڭىز بىلەن ئۆيگە بىر كېچە تاشلىۋېتىشتىن ئازابلىنىشىڭىزمۇ بىھاجەت.

دوستۇم كەيلۇن: « ئېرىم سىرتقا چىقىدىغان چاغدا، ماڭا دەپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، بەزىدە مېنى دوستلىرىم كىنو كۆرۈپ كېلىشكە ياكى ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ بېرەر ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېلىشكە چاقىرسا، ماڭا ئېرىمنىڭ بالام بىلەن ئۆيدە بىللە بولۇشى ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئون بەش خىل باھانە ـ سەۋەب تېپىش كېرەكتەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. پەقەت بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ تامىقىنى شىرەگە، كېچىلىك خالاتلىرىنى كارىۋاتقا قويۇپ، ئاندىن سىرتقا چىقىشقا توغرا كېلىدۇ » دېدى ماڭا بىر قېتىم.



سىز جۈپتىڭىز بىلەن شۇ ھەپتىلىك پىلانلىرىڭلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىڭلارلا قاتنىشىدىغان پائالىيەت ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىڭلار. يادىڭىزدا بولسۇنكى: ناۋادا سىز ئائىلىۋى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى بىر قوللۇق باشقۇرىدىغان كىشى بولسىڭىز، جۈپتىڭىزنىڭ پىكرىنى ئىلىك ئېلىشىڭىز كېرەك ( بىر ئايلىق پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆزى مەسئۇل بولسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ ) .





ئاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىش — ئۆزئارا ماسلىشىش.
ئىككىڭلارنىڭ ئوخشاش بىر كېچىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي-
غان ئىشلىرىڭلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا
ئىككىڭلار ئولتۇرۇپ بالا باققۇچى چاقىرىش ياكى بىرىڭلار
قېلىپ بالىغا قاراش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىڭلار.

ئەلۋەتتە، پىلانلىغان ئىشلىرىڭلار توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئەھ-
ۋاللارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سىز جۈپتىڭىزنى يېقىن
دوستىڭىزنىڭ رەسىم كاللىرېيىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا
ئۆزىڭىز بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىشنى ئويلايسىز، لېكىن
ئۇ شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنىڭ بېلىتىنى
ئېلىپ قويغان بولىدۇ. ئەگەر شۇ قېتىملىق پائالىيەت سىز ئۈچۈن
شۇنچىلىك مۇھىم بولسا، جۈپتىڭىزنىڭ سىزگە ماسلىشىشىنى
ئىلتىماس قىلىڭ. بۇ ئاسان ئەمەس، بۇ ماڭا مەلۇم. چۈنكى، بىز
ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ رولىنى ئېلىشنى خالىمايمىز. ئىلتىما-
سىمىزنىڭ رەت قىلىنىپ كېتىشىدىن قورقىمىز. بىراق، چىن
كۆڭۈلدىن ئىلتىماس قىلىش ئىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتە قورال بولالايدۇ. جۈپتىڭىزنىڭ ماسلىشىشقا رازى
ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران بولىسىز. چۈنكى سىز ئۇنىڭغا مەن
خېلى مۇھىم ئادەم ئىكەنمەن، دېگەن تۇيغۇنى بېرىسىز.

ئەگەر جۈپتىڭىز ئەمەلىيەتتە «بۇرچ» خاراكتېرىنى ئالغان بەزى
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى رەت قىلسا، شەپقەت بايرىمى يىغىلى-
شى، ئوغلىڭىزنىڭ پىئانىنو چېلىش كېچىلىكى ۋە سىڭلىڭىزنىڭ
توي زىياپىتى دېگەندەك، سىز قەتئىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا قاتناشمىسا
بولمايدىغانلىقىنى دەڭ. ئۇ يەنە زادى ئۇنىمىسا، ئۆزىڭىز بېرىڭ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئاساس ئىزدىمەڭ. يادىڭىزدا بولسۇنكى:
ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى سىزگە قارىتىلغان ئەمەس.

مۇقىم پىلان ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىش-
تىن ئاۋۋال سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماسلىقىنى ئازايت-
قىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ تاسادىپىي ئەھۋاللار ھەر ۋاقىت





يۇز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، بىر - بى-
رىمىزگە توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان پۇرسەت بىلەن ۋاقىت
ئېلىپ قويۇشىمىز كېرەك. تۇزۇم قىلىپ مۇنداق بېكى-
تىۋەتسىمۇ بولىدۇ: بۇرۇنقى پىلانىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇپ
قالسا ياكى يېڭى پىلان چىقىپ قالسا، بىر سوتكا بۇرۇن بىر -
بىرىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش ( بۇ ۋاقىت قارشى تەرەپنىڭ مەش-
غۇلات ۋاقتىنى تەڭشىشىگە يېتىدۇ ) .

ئەگەر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى دېگەندەك مۆلچەرلىگىلى بولماي
قالغاندا، دەرھال قارشى تەرەپنى تېلېفوندا خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشى-
مىز كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغىنىمىز ھەممىدىن
تۈزۈك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ جۈپتىڭىزگە: « مۇبادا سىز ئىشتىن
چۈشۈپ خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن ئازراق بىرنەرسە ئىچمەكچى
بولسىڭىز، سائەت توققۇز بولغاندا ئاندىن بىر پاتمان غەلىتە ئا-
ساسلارنى شىپى كەلتۈرۈپ بوفېتتىن ماڭا تېلېفون بەرمەسلىكى-
ڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى خاپا بولىدۇ دەپ تېلېفون بەرمەيلا
قويسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ. سىزنىڭ تاماققا كېلىدىغان - كەل-
مەيدىغانلىقىڭىزنى سائەت بەشتىن بۇرۇن بىلىپ بولاي. بۇنىڭدا
مېنىڭمۇ بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا ۋاقىت يار
بېرىدۇ » دەڭ. ئۇنىڭ سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ قىيىن
ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇڭ، شۇنىڭدا ئۇ سىزنىڭ قو-
شۇلمايدىغانلىقىڭىزدىن ياكى ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قېلىشى-
ڭىزدىن غەم قىلىپ كەتمەيدۇ.

سىزنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغان ئەرلەرگە توغرا كېلىپ قالغاندا
قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ياخشىسى ئۇنداق ئەرنى ساقلىماڭ. بۇ
گەپ ئاڭلىماققا سەل ھەسرەتلىك، لېكىن ناۋادا سىز سىزگە مۇ-
شۇنداق ئېتىبارسىز قارايدىغان بىر ئەر كىشى بىلەن بىللە ياشاشنى
تاللىغان ئىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىدىڭىزنى
تەڭشەڭ، ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان بەزىبىر پىلانلىرى-
ڭىزنى تۈزۈشكە باشلاڭ.





مۇبادا سىز يۇقىرىدىكى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى قى-
لىپ باققان بولسىڭىزمۇ، ئۇ يەنىلا كونا خۇيىنى تاشلى-
مىسا، ئۆزىڭىزگە يېڭى چىقىش يولى تاللاڭ. تېلېفون
يېنىدا ئولتۇرۇپ ھەسرەت چېكىشكە سىزنى ھېچكىم
مەجبۇرلىغىنى يوق. جۈپتىڭىز ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاق
ۋەدىگە ئەمەل قىلمىسا، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ئى-
شىنى قىلىڭ. ئۇ قايتىپ كەلگەندە: « كەچۈرۈڭ، تېلېفونىڭىزنى
ساقلاپ بولماي سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشنى قارار قىلدىم »
دەپ يېزىلغان باغاقچىڭىزنى كۆرۈپ، ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ياخشى
ئورۇنلاشتۇرغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ، سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇ-
رۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنكاسىغا كاپالەت بې-
رىشكە مەندە ئامال يوق، ئەمما سىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا بولغان
ئىشەنچىڭىز كۈچىيىدۇ.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

ئاۋۋال مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىرنەچچە تۈرلۈك ھەل
قىلىش چارىلىرىنى سىناق قىلغان بولسىڭىز، جۈپتىڭىز سىزگە
ئېتىبارسىز قارايدىغان ئەھۋالدا زور ياخشىلىنىش بولىدۇ. ئەگەر بۇ
چارىلەرنىڭ تامامەن ئۈنۈمى بولمىسا، ئۇنداقتا سىز ناھايىتى مۇس-
تەقىل بولۇپ قالىسىز. يېڭى، قىزىقارلىق ھەم سىزنى قانائەت-
لەندۈرەلەيدىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش
سۈپىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىز. تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇشىڭىزغا ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى تەسىر يەتكۈزسە، سىزنىڭ
تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىڭىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشى
ئەھۋال شۇكى، سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ئورتاق قىزىقىشىڭلارنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا، ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلارغا خاس بولغان
تۇرمۇش ماكانىڭلارنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشۇڭلار
كېرەك.





# ئالتىنچى جىنايەت ئۇنىڭ « مۇھەيتى »
# پەقەت « جىنس » ئۈچۈن

بۇ باب تۆۋەندىكى ئاساسىي تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

ئۇنىڭ جىنسقا بولغان ئېھتىياجى سىزنىڭكىدىن كۆپ بولسا؛

سىزنىڭ يالغاندىن جىنسىي يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇۋالغانلىقىڭىزغا ئەزەلدىن دىققەت قىلمىسا؛

ئۇ جىنسىي ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن چاغدا زىيادە قوپال ياكى زىيادە مۇلايىم بولۇپ كەتسە؛

ئۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلسا ( ئەركىلىتىشلەرنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويسا ) ؛

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ يەنە سىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا جىنسىي ھەۋەس قوزغايدىغان ھالەتتە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلسا؛

جىنسىي يۇقىرى پەللە ئۆتۈپ كېتىپ بەش مىنۇت ئىچىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتسە؛

ئېھتىياجىڭىزنى قانداق قاندۇرۇشنى پۈتۈنلەي بىلمىسە...

مەن كونسۇلتاتسىيە قىلغان مۇشۇ ئەندىزىدىن قارىغاندا، نىكاھقا ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاخىرى بېرىپ ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى جىنسىي تۇرمۇشقا ماسلاشماسلىقىقا بېرىپ تاقىلىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچى. بىز قايسىبىر ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ئىنتايىن ئامراق ئىكەنلىكىنى، لېكىن جىنسىي تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى بەك ئاز ئاڭلايمىز. ئۇلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدا غىدىقلىنىش، يېڭى مەزمۇن يېتەرسىز، قېتىم سانى ئاز بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئىككىسىنىڭ قەدىمى بىردەك بولسا « ئىناق ئۆتۈش » تەك مەنزىلگە



يېتەلەيدۇ.



بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر يۈز بەرسە، ئۇلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بەزىلەر مۇناسىۋەت يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، جۈپتى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋالدا ئايال كىشى جۈپتى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا رايى بارمىغانلىقتىن ئاخىرى يەنىلا بىئاراملىق ۋە بىئىختىيارلىق ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت ئىزدىنىشنى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە ماسلىشىش بولماسلىق، بۇ باش قاتۇرىدىغان ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، «جىنس» بىز بىلەن جۈپتىمىز ئارىسىدىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ تەسىرچان ھەم ئەڭ شادلىققا تولغان ئىش.

شۇڭا، مەسىلە زادى نەدىن چىقتى؟ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، بۇنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، مەلۇم ئەھۋاللاردا ئەرلەرنى ئەيىبلەپ كېتىمىز، لېكىن جىنسىي تۇرمۇش مەسىلىسىدە مەسئۇلىيەتنى نوقۇل ھالدا ئەر ياكى ئايال تەرەپكە ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ. بىز ئەمدى مۇشۇ مەسىلىدە ئەرلەرنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟

مېنى كەچۈرۈڭلار، مۇشۇنداق قوپال گەپ قىلمىسام بولمايدۇ، بەزىدە ئەرلەر ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تايىنىپ ئويلىنىدۇ. بۇ گەپنى چىرايلىقراق دېگەندە، ئەرلەرنىڭ





جىنسىي قوزغىلىشى ئۇلارنىڭ ئىدراكىنى بېسىپ چۈشىدۇ. مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، ئەرلەرنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى، ئۆزىنىڭ جىنسىي قوزغىلىشىنى كونترول قىلالايدۇ. بىراق، ئۇلارنى جەلپ قىلىش قىيىن ئەمەس (قاراپ تۇرۇڭ، يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان جەزبىدار بىر قىز ئۇلارنى ئولتۇرالماس قىلىۋېتەلەيدۇ). بىز ئازراق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇق، ھېسسىياتى قاتتىق قوزغىلىپ كەتكەن بىر ئەركىشى ئۆز ھاياجىنىنى زورمۇزور بېسىۋالغان ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى جۈپتىنىڭ تەسىراتىنى ئەقىل بىلەن ئويلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ تەس.

جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئەرلەر «جىنس» بىلەن «مۇھەببەت» نى ئايرىپ قارايدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرلەرنىڭ زەكىرى ئۇلارنىڭ تۆت ئەزاسىغا ئوخشاش بەدەن سىرتىدا بولىدۇ، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى بەدەنگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەرلەر جىنس بىلەن قەلبىنىڭ تەسىراتىنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ. ئاياللار بولسا جىنسىي ئىستەككە نىسبەتەن ئىچكى كەيپىيات بىلەن تۇيغۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.



بۇ قاراش مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ناھايىتى ئېنىقكى، ئەرلەر مۇھەببەت بولمىغان ئەھۋالدىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلالايدۇ، لېكىن ئاياللار جىنسنى مۇلايىملىق ۋە مۇھەببەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا قوبۇل قىلالايدۇ. بۇ ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسقا بولغان قارىشى مەن بايام بايان قىلغان كۆزقاراشقا





ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ بىز داۋاملىق ئاڭلاپ كېلىۋاتقان مۇنۇ سۆز ناھايىتى ئورۇنلۇق. بۇ سۆز مۇنداق: « ئەرلەر جىنسىي ھەۋەس تۇپەيلى مۇھەببەت قويىدۇ، ئاياللار مۇھەببەت ئۈچۈن جىنسىي ھەۋەسكە تەلپۈنىدۇ ».

بەزى ئەرلەر ئۈچۈن « جىنس » ئۇلار زومىگەرلىك قىلىدىغان جەڭگاھ. بىز بايام دەپ ئۆتكەنىدۇق، ئەرلەر ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا خۇشتار؛ ئوخشاشلا جىنسىي تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ « نوچىلىقى » نى قانچىكى ھېس قىلغان ئەر كىشى، جىنسىي ھەۋەستىن شۇنچىلىك لەززەت ئېلىپ ھارمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تىكلەپ بولغان بولىدۇ. ئەر – خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بۇزۇلغان چاغدا، ئەرلەر جىنسقا نىسبەتەن تەلىپىنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئاياللار ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە توسالغۇ كۆرۈلگەندە، ئايال كىشىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە دېگەندەك ھەپىسلىسى قالمايدۇ.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق؟

ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەتتە ھەمىشە زىيادە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ راست، بىز سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنى ھېس قىلمىغان چاغدا، ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىشىمىز ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، ئۇ ئىشتىن ھەقىقىي لەززەت تاپالمايمىز. ھەممە لەززەت مۇشۇ ئىشقا مۇجەسسەملەنگەندەك، جۈپتىمىزگە يالغاندىن ماسلىشىمىز، كۆڭلىمىزدە بولسا قانداق قىلساق قارشى تەرەپ تېزراق جىنسىي پەللىگە يەتسە، ئىشنى تۈگىتىپ ئۇخلىساق دەپ ئويلايمىز. ئاياللار كۆپ ھاللاردا جۈپتىمىزنى خۇش قىلساق، قانائەتلەندۈرسەكلا، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مەسىلە ھەل





بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە چەكسىز بوشلۇق پەيدا بولىدۇ.

بىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي مەدەنى- يەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارمىز. كىچىكىم- دىن تارتىپ ماڭا: «ياخشى قىز جىنستىن مىڭ چاقىرىم يىراق- لىقتا تۇرىدۇ» دېگەن قاراش سىڭدۈرۈلگەن. بۇنداق كونىچە قاراش دەۋر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئاسارەت بىزنىڭ جۈپتىمىز بىلەن ساغلام ھەم نورمال جىنسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. بىز ئېرىشكەن تەربىيىمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرغان — ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى. بىزمۇ ئوخشاشلا ئۆزىمىزنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى ئىپادىلىسەك، بۇ شاللاقلىق ۋە نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار ھەمىشە «جىنس» نى ئەرلەرگە شەرت قويۇشتا پىشكا ئورنىدا كۆرىدۇ. جۈپتىمىزنىڭ ئىپادىسى كۆڭۈل- دىكىدەك بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىشنى رەت قىلىمىز. بۇ ئۇنى مەسىلىگە توغرا قاراشقا مەجبۇر قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چا- رىسى دەپ بىلىمىز. ئەكسىچە، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا بېرىلگەن جاۋاب ياكى ئەركىلەش مۇھەببەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاسى- تىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك— جىنسىي تەلەپنى رەت قىلىۋېتىشنى بىر خىل تەدبىر دەپ بىلگەن چاغدا، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاجايىپ ھەۋەستىن لەززەتلىنىش پۇر- سىتىنى قۇربان قىلىۋېتىمىز.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟



شۇنىڭغا قارىغاندا، بىز جىنسىي مۇناسىۋەتكە تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى يەنىمۇ قويۇۋېتىشىمىز كېرەكمۇ؟ گەپ



شۇ يەردىكى: بىز سۆيگۈنى ھېس قىلىشقا موھتاج.
بىزنىڭ ئىشقى ھەۋىسىمىز قانچىلىك كۈچەيسۇن، جۈپ-
تىمىز جەزبىدارلىقتا كلاك گايپونى بېسىپ چۈشسۇن
(ئامېرىكا فىلىمى «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» دىكى باش
قەھرىمان)، ناۋادا بىزدە سۆيۈلگەنلىك تۇيغۇسى بولمىسا، ئۆزد-
مىزنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىشىمىز تولىمۇ قىيىن. بەزىلەر كۆڭۈل
ياساش ئارقىلىق جۈپتى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز - پەس
بولۇپ كېتىۋاتقان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش مۇمكىن دەپ قارايدۇ،
لېكىن بۇ ھەقىقەتەن ئاقىدىغان چارىمۇ؟

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

مەن تەكلىپ ئورنىدا بېرىدىغان بىرىنچى چارە، جىنسىي مۇنا-
سىۋەتكە تۇتقان قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ. نۇرغۇن ئا-
ياللار ئۇچۇن «جىنس» ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئېغىر بې-
سىمغا ۋە تەشۋىشنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، جىن-
سىي مۇناسىۋەت ئۇلار ئۇچۇن ئاساسەن ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت بىلەن
تەڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. بۇ چاغدا، سىز جىنسىي تۇرمۇشتا
قانداق لەززەتكە ئېرىشتىڭىز، چوقۇم ئويلىنىڭ. ناۋادا «جىنس»
شۇ تاپتا سىز ئۇچۇن بىمەنە، لەززەتسىز نېمىگە ئايلىنىپ قالغان-
لىقىنى بايقىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇرۇن جىنسنىڭ ئەڭ شېرىن ئە-
كەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا قانداق تۇيغۇدا بولغان ئىدى-
ڭىز؟ جۈپتىڭىز سىزگە قانداق تەلەپ قويغانىدى؟ مۇشۇ ھەقتە ئوي-
لىنىڭ.

جىنسىي تۇرمۇش مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىگە
ئوخشاش باشتا ناھايىتى شېرىن تۇيۇلىدۇ. ئەلۋەتتە «جىنسىي ما-
ھارەت» تەجرىبىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بارغان-
سېرى يېتىلىدۇ، ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.





كى، باشتىكى غىدىقلىنىش ۋە يېڭىلىق تۇيغۇسىنى كە-
شى هامان ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ناۋادا، « جىنس » نىڭ شۇ
قەدەر ئاجايىپلىقى يادىمىزدا بولسا، ئۆزىمىزنى يەنە-مۇ
قويۇۋېتەلىسەك، جۈپتىمىز بىلەن بىللە جىنسىي تۇر-
مۇشتىن يەنىمۇ ياخشى لەززەتلىنەلەيمىز.

ئاندىن قالسا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا راستچىل-
لىق بىلەن يۈزلىنىپ، بۇنى جۈپتىڭىزگە ئېنىق بىلدۈرۈشىڭىز
كېرەك. بەزىدە جۈپتىمىزنىڭ تەلىپىنى ۋە ئەركىلىتىشلىرىنى
قوبۇل قىلدۇقمۇ - قىلمىدۇقمۇ، تازا جەزملەشتۈرەلمەيمىز، ھە-
قىقىي ئەھۋالغا كىرگۈچە توختاپ قېلىشىمىز ياكى ئارىسالدىل-
قىمىزنى چاندۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن، شۇنداق ئىنكاسىنىڭ تە-
سىرىدە قېنى قىزىپ تۇرغان جۈپتىمىز بىزگە زادى نېمە لازىم
ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ، بەزىدە تېرىكىپ چىچاڭشىپ
كېتىدۇ. ناۋادا پوزىتسىيىمىز ئېنىق بولۇپ، ئىش خۇشياقسا
خۇشياققىنىچە، خۇشياقمىسا خۇشياقمىغىنىچە بولۇشى كېرەك.
ئىستىكىمىزگە خىلاپ ئىش قىلىشىمىز ھاجەت ئەمەس.

بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەي، سىز تۈنۈگۈن ئېرىڭىزنىڭ
ئاممىۋى سورۇندا باشقا بىر ئايال بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ تۇر-
غىنىنى بايقىدىڭىز، شۇڭا بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ « شىددەتلىك
ھۇجۇمى » سىزگە قەتئىي خۇشياقمايدۇ. ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى ئىش -
ھەرىكىتى سىزنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىل-
دۈرۈڭ، ھەقىقىي تەسىراتىڭىزنى ئۇ چۈشەنسۇن.

يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، گەرچە ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇڭىز
بولسىمۇ، ئەمما سىز مۇشۇ ھەپتىدە سەكسەن سائەت خىزمەت
قىلدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە كېلىپ بالىلارنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئالسىز، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا ئورنى-
ڭىزدىن تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز شۇ تاپتا دەرھال
يوتقانغا كىرىۋېلىشنى ئويلايسىز. سىز بىلەن بىر





ياستۇققا باش قويغان كىشى سىزنىڭ بۇ ئىشقا ھەپىلەڭىز يوقلۇقىنى ئەمەس، بەلكى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانڭىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇگۈن سىزنىڭ ئالغان رولىڭىز ئېرىڭىزنىڭ رولىغا ماس كەلمەسلىكى، جىنسىي تەقەززالىقتا ئېرىڭىزنىڭ ئورنىغا سىز ئۆتۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. نېمىدىن قورققۇلۇق، تەلەپ قىلىش كېرەك. سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈڭ. ئاتالمىش «ياخشى قىز» دېگەن گەپنى ئۇنتۇڭ. ئۆزىڭىزنىڭ جىنسىي تەلەپىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىگىلەڭ.

شۇ تاپتىكى ئەھۋالدا، شۇنداقراق تۇيغۇدا بولسىڭىز، جىنسىي تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق - ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىڭىزگە جەزم قىلالمىسىڭىز، ئاستا - ئاستا كېلىڭ، قىلغۇڭىز كەلگەن ئىشنى قىلىڭ. ھەر قېتىملىق جىنسىي مۇناسىۋەتتە جىنسىي يۇقىرى پەللىگە يېتىش كېرەكلىكىنى ھېچكىم بەلگىلىگەن ئەمەس. سىز كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جۈپتىڭىزگە ئاستا ئەركىلەڭ، ئۇنى سۆيۈڭ، سىلاڭ.

بۇنىڭدىن باشقا، قايسى چاغدا قانداق گەپ قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئەرلەر ئۇچۇن جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇڭدىشىش بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. سىز ئىش باشلاشتىن بۇرۇنقى ياخشى كەيپىيات ئارىلىقىدا، كىشىنى ئويغا سېلىپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى بىز ھەمىشە ئەرلىرىمىز بىلەن يالىڭاچ يۈزلەشكەندە، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا بىزگە قەلب رۇجىكىنى ئاچىدۇ دەپ خاتا ئويلايمىز، شۇڭا مۇشۇنداق سەۋەنلىككە يول قويىمىز.

خاتا! ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت مەزگىلىدە، پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ ئىشتىلا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىز بايام تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەرلەرگە كۆڭۈلدىكى گېپىنى دېگۈزۈش توغرا كەلسە، ئۇلار پەقەتلا ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئەھۋالدا «ۋە-





زىنلىك » گەپتىن سۆز ئاچسىڭىز ، گويا « جەڭگىۋارلىقى » غا بىر چېلەك سوغۇق سۇ چېچىلغاندەك ، ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسى دەرھال سۇسلىشىپ كېتىدۇ. سىز ئۇنى جەننەتتىن ئېلىپ دوزاخقا تاشلىۋەتكەندەك بولىسىز ، ئۇ ئاچچىقىدا چىچاڭشىپلا قالماي ، بەلكى شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سىزگە قايتا ئېغىز ئاچمايدۇ.

يەنە بىر ئىش، « جىنس » نى قورال قىلىۋالماسلىق كېرەك. خاپا بولۇپ ، دىلىڭىز رەنجىگەنلىك تۈپەيلىدىن جۈپتىڭىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى رەت قىلىۋەتسىڭىز ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنى جازالىماقچى بولسىڭىز، ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشىسىز. ئاتمىشىنچى يىللاردىكى « بىزگە جىنسىي مۇناسىۋەت كېرەك ، ئۇرۇش كېرەك ئەمەس » دېگەن شوئار ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. « جىنس » قورال ياكى سۆھبەت پېشكىسى قىلىنغان ھامان، ئوتتۇرىدا مۇھەببەت مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بۇنداق جازالاش غەلىبىسىدىن ۋاقىتىنچە شادلىنىمىز ، بىراق ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئاخىرقى ھېسابتا زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز.

ناھايىتى مۇھىم نۇقتا شۇكى، جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىگە ـ ئۆزى ئەلەم قىلماسلىق كېرەك. بەزى ئاياللار جۈپتىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم بىمەنە ئىشلارنى قىلىدۇ، مەسىلەن، خەتەرلىك بولغان « لەززەتلەندۈرۈش بۇيۇملىرى » نى ئىشلىتىش ياكى جۈپتىنىڭ رىتىمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يالغاندىن جىنسىي يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇۋېلىش مۇمكىن.





جىنسىي تۇرمۇش لەززىتىنى ئاندا ـ



ساندا كۇچەيتىش تۇيغۇسى پەيدا بولغاندا، تەدبىر ئىشلى-
تىشكە ماھىر بولۇڭ. يادىڭىزدا بولسۇنكى، بۇنىڭلىق
بىلەن ئۆزىڭىز رەنجىپ قالىدىغان ئىشلاردىن
ساقلىنىڭ.

سىزدىن قانداق لەززەتلىنىشنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇڭ. جىنسىي تۇرمۇش ئارقىلىق قانداق قىلغاندا سىزنى راھەتلەندۈرگىلى ۋە خۇش قىلغىلى بولىدۇ، بۇنى جۇپتىڭىز ئۆگىنىشى زۆرۈر. سىز ئۆزىڭىز ئۈلگە كۆرسىتىڭ ياكى ئۈمىدىڭىزنى ئۇنىڭغا دەڭ، بۇ بىردىنبىر ئۇسۇل. مەن تېلېۋىزىيە پروگراممىسى رىياسەتچىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر گەپ ئاڭلىدىم: «بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى بىزدىن بەكرەك بىلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، بىز بۇ مەخپىيەتكلىكىمىزنى نېمىشقا ئەرلىرىمىز ئالدىدا ئاشكارا قىلمايمىز؟»

بىز ھېلىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق. سىز شۇ تاپتا، مەزكۇر كىتابنى قويۇپ قويۇپ، بۈگۈن كەچتە ئېرىڭىزگە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىدە بولۇڭ.

قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈپ كېتەي، ئېرىڭىزنى مەدھىيىلەشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇلارغا مۇشۇ كېرەك.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

جىنسىي مۇھەببەتنىڭ شۇ قەدەر شېرىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ. ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىز جىنسىي تەجرىبىلەرنى ئۇنتۇپ، تەن ئارقىلىق ھېس قىلىشقا كۆپرەك كۆڭۈل قويۇڭ، شۇنىڭدا يەنىمۇ كۆپ لەززەت تاپالايسىز.





# بەشىنچى جىنايەت

## ئۇ سىزگە ئاز - تولا قارشىپ بېرىپ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ

سىز دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، بەزى ئەرلەر كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويۇپلا (كىرلارنى كىرئالغۇغا سېلىۋەتكەنگە ئوخشاش ئىشلارنى) بارغانلا يېرىدە مىننەت قىلىپ يۈرىدۇ. ئۆزىنى بۇ يىلقى «دەۋر ژۇرنىلى» غا چىققان يىللىق ئەربابلار بىلەن تەڭلەشتۈرىدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، سىزگە — كەچلىك تاماق تەييارلىغان، بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكەلگەن، كىرلارنى يۇيۇپ - قاتلاپ جايلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان كىشىگە كىم ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ رەھمەت دەپ باققان؟

نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھە دېسىلا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، «يېڭىچە ياخشى ئەر» بولۇۋېلىشىدىن ئىنتايىن بىزار. دوستۇم جېنىيت ماڭا ئېرى توغرۇلۇق ئاغرىنىپ تۇرۇپ مۇنداق بىر گەپنى قىلىپ بەرگەن: «يېقىندا ئېرىم ئىككىمىز بىر دوستۇمنىڭكىگە كەچلىك تاماققا باردۇق. ئارىمىزدا بىرەيلەن ساھىبخانىنىڭ تامىقىنى توختىماي ماختاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ساھىبخانىنىڭ ئېرى پېتىر ئالمان - تالمان تاماققا ئۆزىنىڭ تەم كىرگۈزىدىغان خورۇچ ئارىلاشتۇرغانلىقىنى دېدى.



مەن پەقەت ئويلىماپتىمەن. مېنىڭ ئېرىممۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ، ئۆت-





كەن ھەپتىنىڭ ئىككىسى بالىسىغا خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇپ تاماق ئېتىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلىدى. ( ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بەرگىنى تېز پىشىدىغان تاماق ئىدى ) . ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر – بىرسىگە گەپ بەرمەي سۆزلىشى ساھىبخانا ئىككىمىزنىڭ كەيپىياتىمىزنى ئوسال قىلىۋەتتى. « مەن راستىنىلا چۈشەنمىدىم. نېمىشقا بالىسىغا تاماق بەرگىنى ئۈچۈن ئۇ بۇنچە كۆرەڭلەپ كېتىدۇ، گويا ئاجايىپ ئىش قىلىۋەت-كەندەك. ئۇ نېمىشقا سائەت ئوندا ئىشتىن چۈشۈپ كەلگىنىمدە قاچا يۇيۇش كۆلچىكىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن يۇيۇقسىز چىنە – قاچى-لارنىڭ ماڭا قاراشلىق تۇرىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ ؟ » دېدى ئۇ.

جۈپتىمىزنىڭ كۆپرەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغىنى تولىمۇ ياخشى ئىش، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاز – تولا ئەجرى ئۈچۈن چاۋاك چالساق بولامدۇ ؟ ئەجەبا، ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ ئىشنى ئون يىلدىن بېرى ھۆكۈمەت ئىشنى قىلغانغا ئوخشاش تەكرار قىلىۋاتقىنى-مىزدىن خەۋىرى يوقمىدۇ ؟

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى ؟

سەۋەبى يەنىلا شۇ: ئۇلار شۇنداق چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا « كۆپرەك » ياردەملىشىشى — بىزگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى. چۈنكى ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغان، ئاتىسى ئۇلارغا « ئاشخانىدىن يىراق تۇرۇش » نى تاپىلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، جەمئىيىتىمىز ئازدۇر – كۆپتۇر « ئەرلەر تالانىڭ ئادىمى، ئاياللار بولسا ئۆينىڭ بەندىسى » دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە بىزنىڭ نېمە ئۆ-گەنگەنلىكىمىز يادىڭلاردىمۇ ؟ بىز « ئۆي ئىشلىرى » نى، ئوغۇللار بولسا « ھۈنەر – سەنئەت » ئۆگىنەتتى.





شۇڭا، ئەرلەرنىڭ تەبىئىيىتىنى پۈتۈنلەي ئەيىبلەشكە
بولمايدۇ. لېكىن، ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ئەرلەرگە دۇچ كەلگەندە، ھەر
كۈنى باشتىكى چاچتىن تولا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بىر
قولىمىزنى ئىككى قىلالماي يۈرۈپمۇ ھېچقانداق ئېتىبارغا ھەم
مىننەتدارلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئويلىساق نېمىشقا خاپا
بولمايمىز؟

تۈنجى بالامنى تۇغقان ۋاقتىمدا بۇرۇنقى ئېرىم گايروي بالىغا
قاراش، تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، چۈنكى
ئۇ ئىلگىرى بۇۋاقلارنى بېقىش مەركىزىدە ئىشلىگەن. مەن بۇ
ئىشلارغا تولىمۇ خام، بالىلىق بولۇشتىن ئاۋۋال ھەتتا ۋاقىتلىق بالا
باققۇچىمۇ بولۇپ باقمىغانمەن. شۇڭا ھەممە ئىشنى باشتىن باش-
لاشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ «ياخشى ئاتا
بولۇش» تەك ئىش - ئىزلىرى دوست - يارەنلەر ئارىسىدا «مەد-
ھىيە» لىنىشكە باشلىدى. ھەتتا ھازىرغىچىمۇ بەزىلەر «گايروي-
نىڭ ياخشى ئاتا ئىكەنلىكى» نى توختىماي تىلغا ئالىدۇ. مېنىڭ
پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشۇش يولىدىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ
ھەممىسى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ قارىلىدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇگۈنكى رولىمىز قارىمۇقارشى بولسا،
بىزمۇ ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان
روھىي ھالەتتە يۈرگەن بولاتتۇق. ماشىنىنىڭ چاقىنى بىرىنچى
قېتىم مۇستەقىل يۆتكىگىنىم، بۇ ئىشنى گويا ئاجايىپ چوڭ
ئىشتىن بىرنى تاماملاپ بولغاندەك تونۇش - بىلىشلىرىمگە تېلې-
فوندا دېگىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە. ئەمەلىيەتتە، دېزىل مېيى ئال-
ماشتۇرۇش، پولغا موم ئۈرۈش قاتارلىق «ئەرلەر قىلىشقا مەنسۇپ
خىزمەت» لەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قالتىس كېرىلىپ
كېتىمەن. مېنىڭ بۇ ئىپادەمنى باشقىلارنىڭ بىرەر قېتىم
بولسىمۇ ماختاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.





## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

جۇپتىمىز ئائىلىنىڭ قىسمەن مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بىز بۇنىڭدىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىگە زىيادە رەھمەت ئېيتىپ ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كېتىمىز. مەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن، مۇۋاپىق پەيت بىلەن ئىپادىلەش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا مەدھىيىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزگەرمەس ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

بىزگە ئەزەلدىن «كەمتەرلىك گۈزەل ئەخلاق» دېگەن قاراش سىڭدۈرۈلگەچكە، مىننەتدارلىق ۋە مەدھىيىلەرنى ئانچە تەمە قىلىپ كەتمەيمىز. ماڭا ئىشىنىڭ، ئۆيىڭىزدىكى ئۈچ كەپسىز ئوغلىڭىزنى ئۆزئارا «قىرغىنچىلىق» تىن ساقلاپ قېلىشىڭىز ۋە بۇ جەھەتتە ياراتقان نەتىجىڭىز شىركەتكە مىليون سوممىلىق سودىنى سۆزلىشىپ بەرگىنىڭىزدىن كۆپ ئەلا. ناۋادا بىز تېگىشلىك مىننەتدارلىق بىلەن مەدھىيىگە ئېرىشكەن بولساق، جۇپتىمىزنىڭ خەقنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان قىلىقلىرىغا بۇنچىلىك نارازى بولۇپ كەتمىگەن بولاتتۇق.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: جۇپتىمىز ئازراق ئۆي ئىشىنى قىلىپ قويۇپ، بىزنىڭ تۆھپىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ يۈرگەن چاغدا، باشقىلار بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزنى ۋە قىلغان ئىشلىرىمىزنى سوراپمۇ قويمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ھۆرمەتكە لايىق ئەمەستەك سېزىمىز. بىز گويا قايناقسۇغا ئوخشاش شۇ قەدەر مۇھىم بولساقمۇ، ئەمما بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى





ھېچكىم ھېس قىلمايدۇ. شۇڭا، بىز ئاز تولا ئىش قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

بىرىنچى چارە ناھايىتى ئاددىي، ئۇ ئۆزىنى ماختاشقا تېگىشلىك دەپ ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇنى «مېدال» بىلەن مۇكاپاتلاش كېرەك. ئۇ قاچا – قومۇچ، كىر – پىرلارنى يۇيۇپ بولۇپ، يېنىڭىزغا تۆھپە تەمە قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا بۇلاپكا تاقاپ قويۇڭ ياكى «تۆھپە ئائىلىگە مەنسۇپ» دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنى ئۇنىڭغا بېرىڭ (ئۆزىڭىز يازسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ). شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تۆھپە تەمە قىلىش قىلىقىنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋېتىڭ، لېكىن ئېسىڭىزدا بولسۇنكى، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىڭىزنى كۆڭلىڭىزدە ساقلاڭ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىڭىزمۇ مەلۇم دەرىجىدە تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيدىغان ئىككى چارە بار. بۇنىڭ بىرى، مۇكاپاتتىن ئۆزىڭىزمۇ بەھرىمەن بولۇڭ (ھەرقانداق شەكىلدىكى رىغبەتلەندۈرۈش بولسىمۇ بولىدۇ)؛ يەنە بىرى، ھەممە ئىشىمىزنى جۈپتىمىزگە ھېس قىلدۇرايلى، ئۇلارمۇ بىزگە ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرسۇن.

ئۆزىڭىزنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال قىلغان ئىشلىرىڭىزنى قەغەزگە رەتلىك يېزىڭ، بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ شۇ قەدەر مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز.

مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر ئايال دوستۇم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ، پۇلىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئالماي كېلىۋاتقان داڭلىق ماركىلىق كىيىمنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. يەنە بىر ئايال دوستۇم ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا قەدىناس دوستى بىلەن بىر پەس ئېچىلىپ – يېيىلىپ سۆزلەشكەن. مەيلى قانداق ئۇسۇل قول







لىنىڭ ، ئۆزد-
ڭىزنىڭ تېگىش-
لىك جاۋابقا ئې-
رىشىش ھەققى-
ڭىز بارلىقىغا ئىشىنىڭ .
ئۆز - ئۆزىنى مۇكاپات-
لاش ئاسانراق ، جۇپتى-
ڭىزدىن مۇكاپاتقا ئېرىشى-
شىڭىز ئۇنداق ئاسان ئە-
مەس . بۇ يەردە بىر ھالقىلىق مەسىلە بار : ئۇ ئىپادە بىلدۈرۈشى كېرەك . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىشەنچىسى بولسا ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى رەھمىتىنى ئىزھار قىلىشى ئاسانراق بولىدۇ .

مەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مىنياپولىغا باردىم، ئۇ يەردە شىۋىرغان چىقىۋاتقانىكەن . مەن بىر قەھۋەخانىدىن چىقىپ ، ماشىنىغا چىق-ماقچى بولۇپ ، بىردىنلا ئاچقۇچنىڭ ماشىنىدا قالغانلىقىنى بايقى-دىم . ئامال يوق قەھۋەخانىغا يەنە كىردىم - دە ، ماشىنىنىڭ ئى-شىكىنى ئاچقۇدەك بىرەر سايمان بار - يوقلۇقىنى دېرىكتوردىن سورىدىم. گېپىم تۈگىشىگە، قەھۋەخانىدا ئولتۇرغان يەتتە ناتونۇش ئەركىشى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ گويا ماشىنامنىڭ ئىشىكىنى كىم بالدۇر ئاچالىسا ، شۇ ئولىمپىك مېدالىغا ئېرىشىدىغاندەك ماشى-نامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئىشىكنى ئېچىشقا تۇتۇندى . بۇ ئىش ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى . سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى ، ھاۋا نۆل-دىن تۆۋەن ئوتتۇز گرادۇس ئىدى ، بۇ بىر توپ ئەر كىشى بىر ئى-شىكنى ئېچىش ئۈچۈن ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا ھەم جاڭگىلداپ تۇرغان سوغۇققا پەرۋا قىلمايتتى .

بۇ ئىش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى ، پەقەت ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىپ ، ئۇلارغا ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلدۇرا-





لىساقلا، ئۇلار ئۆيلىمىغان يەردىن ئۆزىنى ئىپادىلىمىشى مۇمكىن. جۇپتىڭىز ئاڭلىق ھالدا ئۇستىڭىزدىكى يۇكنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىشى، ھەتتا سىزگە رۇخسەت سوراپ فلورىدادىكى ئاچىڭىزنىڭكىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىش تەكلىپىنى بېرىشى ئېھتىمال.

بۇنىڭدا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان. جۇپتىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئاز - تولا مەدھىيىگە ياكى مىننەتدارلىققا ئېرىشىش ئۈمىدىڭىزنى دېسىڭىز، ئۇ سىزگە تەنە قىلىپ: « ھېچكىم سىزنى ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشنى قىل دېمىدىغۇ » ياكى « بولدى بەس، ئۆزىڭىز خالاپ قىلغان ئىش ئۇ » دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ گەپىنى قىلىشتىكى ئەسلىي مەقسىتى مۇنداق: « خىزمىتىڭىزنىڭ شۇنچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ » ياكى « مەن ھەقىقەتەن بىر يارامسىز ئەر، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم ». ئۇنىڭدىن چىققان ساداغا نىسبەتەن سىزدە ئىككى خىل تاللاش بولىدۇ. بىرسى، ئۇنىڭدا روھىي تەييارلىق يوقلۇقىنى ئۆزىڭىز بىلىپ قېلىڭ، يەنە بىرسى، ئۇنىڭمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا دەڭ ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىڭ.

ئۇنىڭ مەدھىيىسىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا دەڭ. ئۇنىڭغا: « كۆزىڭىزگە ئىشتان تارتىۋالدىڭىزمۇ؟ ئات - ئېشەكتەك ئىشلەۋاتقانلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ » دېگەندىن كۆرە، ئىللىق تەلەپپۇزدا: « قەدىرلىكىم، مەن بەك چارچاپ كەتتىم، مەن سىزنىڭ مەدھىيە ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈشىڭىزگە موھتاج » دېگىنىڭىز تۈزۈك.

ئاخىرقى چارە شۇكى، ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئۇلارنى



مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆز رەھمىتىنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ھەتتا



ئۇ ئۆزىنى سىز بىلەن سېلىشـ تۇرۇپ كۆرۈپ سىزنى ئۆزىگە قانداق ئۈلگە قىلىشىنى ئۇقالماي قالسا ، ئۇنى مەدھىيىلەپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا : « قانداق ؟ مەدھىيىلە- نىش تۇيغۇسى ناھايىتى ياخشىدۇ ؟ مەنمۇ سىز- نىڭ مەدھىيىڭىزگە موھتاج » دەپ قويۇڭ . بۇ گەپنىڭ چوقۇم ئۈنۈ- مىنى كۆرىسىز .



ناۋادا ئۇ يەنىلا سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمىسە ، سىز قىسقا ۋاقىت ئىش تاشلاڭ ، ئۇنىڭغا ئات - ئېشەكتەك ئىشلەپ بەرمەڭ . ئۇلار بەزىدە بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ بىۋاستە ئۇسۇلىنى ھېس قىلىدۇ . مەسىلەن ، سىز نەچچە ۋاقلىق كەچلىك تاماقنى ئەتمەڭ ، كىر - قات يۇيماڭ . ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا - سالام ياكى تورت ئالماقچى بولسىڭىزمۇ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىگىرمە يۈەنلىك تۇغۇلغان كۈن كارتىسى ئېلىڭ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرمۇ- شىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقايدۇ ، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ . بىر نەرسىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي ، ئۆز مەسىلىڭىزگە بىر قەدەر يەڭگىل پوزىتسىيە بىلەن يۈزلىنىڭ . جېدەل - ماجىرا قىلماڭ ، ئۈستىڭىزدىكى نۇرغۇن مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىڭىزنى سەل ئازاد قىلىڭ ،





بۇنىڭدا جۇپتىڭىز سىزنى يەنىمۇ قەدىرلەشنى بىلىدىغان بولىدۇ.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

« مۇكاپاتلاش » ناھايىتى ياخشى چارە. جۇپتىڭىزنى مۇكاپاتلاشنىڭ يۇمۇرلۇق تەرىپىدىن باشقا، باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىڭ تولىمۇ كۆلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرۇش رولى بار. ئەگەر ئۆزىڭىزنى مۇكاپاتلىسىڭىز، بەدەل تۆلەش ئۇچۇن نەقەدەر تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىزنى بىلىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەنگەنسېرى، جۇپتىڭىزمۇ سىزنىڭ مۇھىملىقىڭىزغا بارغانسېرى دىققەت قىلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ تولىسى ئۇنتۇغاق كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئازراق شەپە بەرسىڭىزلا، ئۇنىڭ سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىنى قانداق ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ.





# سەككىزىنچى جىنايەت ئۇ سىزنى
## تەلىپى تولىمۇ كۆپ دەپ ھېسابلايدۇ

« رازى قىلىش تەس » بۇ ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان، ئا-ياللارغا تولىمۇ سوغۇق ئاڭلىنىدىغان تېرمىن. بۇ مۇجمەل چۈ-شەنچە ئاياللارنى كېچىسى ئۇيقۇدىن قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقى توغرىسىدا قاتتىق ئويغا سېلىپ قويىدۇ.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى بەزىلەرنىڭ ئاياللارنى « رازى قىلىش تەس » دەپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، ئې-مىلدا ماركوسقا ئوخشاش بىر قىسىم مەشھۇر ئاياللار كۆز ئالدىمغا كەلگەنىدى؛ ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى ھەشەمەتلىك ماشىنا « بېنسى » ئىكەن، ئايىغى سەكسەن مىڭ جۈپتىن ئارتۇق ئىكەن. رازى قىلىش تەس دېسە، مۇشۇ ئايالنى دېسە بولىدۇ؛ ئىۋاننانىڭ يېيىشى بېلىق قىيامى، تاقىشى تېرفىن ئۇنچە — مەرۋايىتلىرى ئىكەن. بۇ تولىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك. ئاتالمىش « رازى قىلىش تەس » دېگەن سۆز قىممەت باھالىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئاياللارغا بېرىلگەن سۈپەت.

بۇ تېرمىننىڭ ئاياللارغا قالايمىقان دەرىجىدە ئىشلىتىلىۋاتقان-لىقىنى كېيىن چۈشەندىم. رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئالتە قۇتا لاك ئالغانلىقىمىز، رېستوراندا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان تائامنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز « رازى قىلىش تەس » دەپ جۈپ-تىمىزنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشىك ئالدىدىكى قار باسقان ماشىنا يولىنى تازىلاشقا ياللىنىپ، خىزمەتكە تۇشلۇق ھۆرمەتلىنىش تەلىپىنى قويغان با-لىغا ئوخشاش جۈپتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىز توغرۇلۇق





پاراڭلاشماقچى بولساقمۇ ( مىجەزى ئوسال چاغدا ) ئۇلار بىزنى « رازى قىلىش تەس » بولغان ئايالالار قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ.

بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاتالمىش « رازى قىلىش تەس » بولغان ئايالالارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە نېمە كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزى ئويلىغان نەرسىگە ( ھېچبولمىغاندا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ ) ئېرىشىش كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ.

مەن نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە رازى قىلىش تەس ئايال. مەن باشتا بۇ قاراشنى كۆلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم. ئەمما كېيىن ئەرلەرنىڭ مۇشۇ تېرمىن بىلەن ئۆزىگە بولغان بېسىمنى پەسەيتىدىغانلىقىنى ياكى بىزگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى يوشۇرىدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بايقىدىم.

راستىنى ئېيتقاندا، ماڭا نېمە كېرەكلىكى ئۆزۈمگە مەلۇم، مەن شۇنىڭغا ئېرىشەلەيمەن. مەن ئون مىنۇت ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىغا كىرىپ، ئۆزۈمگە مۇۋاپىق كىيىم تاللاپ، پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ماگىزىندىن يېنىپ چىقالايمەن. تەخسىدىكى قورۇما كۆڭلۈمگە شەك سالسا، قىلچە ئىككىلەنمەي رېستوران دىرېكتورىنى چاقىرىپ كېلىپ قورۇمىنى قايتۇرۇۋېتىمەن.

مەن مۇشۇ بابنى يېزىش ئۈچۈن بۇرۇنقى ئېرىمغا ۋە ئەر دوستلىرىمغا تېلېفون بېرىپ: « سىز مېنى رازى قىلىش بەك تەس ئايال دەپ بىلەمسىز ؟ » دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا « ھەئە » دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە: « سىز نېمىشقا شۇنداق ھېسابلايسىز ؟ » دەپ سورىدىم.

« سىز ھەمىشە يېنىڭىزدىكى كىشىنىڭ ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئىستەيسىز » دېدى بىرى. ( نېمىدېگەن چوڭ گۇناھ بۇ! )



يەنە بىرسى: « يېنىڭىزدىكى كىشىگە ناھايىتى كۆپ



تەلەپ قويىسىز » دېدى.

« سەممىي ۋە يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ ساپلىقىغا بولغان تەلىپىڭىز بەك يۇقىرى. راستىنى دېگەندە، بۇنى بەك بېسىم ھېس قىلىمەن » دېدى ئۈچىنچىسى.

بىز يۇقىرىدا مۇشۇ گەپلەرنى بىر - بىرىگە قوشساق، بۇنىڭدىن سىز تۆلىگەن بەدەل قانچىكى كۆپ بولسا، كۈتكەن ئۈمىدىڭىزمۇ بەك يۇقىرى بولىدىكەن. لېكىن، سىز قويغان تەلەپنىڭ ئۆلچىمىگە ھېچقانداق ئەر كىشى يېتەلمەيدۇ دەيدىغان مەنە چىقىدۇ.

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

ئەرلەر « رازى قىلىش تەس » دېگەن سۆزنى: ئۇ مېنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇلار بېسىم ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ تەلىپىمىز كۆپ ھاللاردا ئۇلارغا بىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىمىزدىن كۆپ تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، بىز جۈپتىمىزنىڭ بىزگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلساق ھەم شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلساق ئۇلارغا: « سىز ھەممە ئىشىڭىزنى تاشلاپ مەن بىلەن بىللە بولۇشىڭىز







كىرەك » دېگەندەك ئاڭلىنىپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ جۇپتىمىز بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش مەسئۇ-
لىيىتىمىز بار دەپ ھېسابلايدۇ. يادىڭىزدا بولسۇن: ئەرلەر
ئوخشاشلا بىزنى خۇش قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆز-دە
بىزنى قانائەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلغان چاغدا، ئۆز غۇرۇرىنى قوغداش ۋە كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى
يوشۇرۇش ئۈچۈن « سىلەرنى رازى قىلىش تەس » دەپ بىزنى
ئەيىبلەيدۇ.

ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا ۋە كەسكىن بولۇشىنى
قوبۇل قىلالمايدۇ، ئاغزىدا گەرچە مۇستەقىل خاراكتېرلىك ئايال-
لارنى ياخشى كۆرىمىز دېسىمۇ. بۇ ئەھۋال مېنىڭ قەدىناس دوستۇم
نانسىنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەردى.

نانسى ناھايىتى روناق تاپقان بىر ئېلان شىركىتىنىڭ ئاساسلىق
مەسئۇلى ئىدى، ئۇ خىزمەت ئىقتىدارى ئۆزىگە ئوخشاش گەۋدىلىك
بولغان بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئۇ ئەر نانسىنىڭ كەينىگە
كىرىۋالغان. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، نانسى ئۇ ۋە
ئۇنىڭ ئۈچ دوستى بىلەن تاماقتا بىللە بولغان. تاماقتىن كېيىن
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەيلەن كارا ئوك ئېيتىشنى تەكلىپ قىلغان.
نانسى « مەن كارا ئوك ئېيتىشقا تازا قىزىقمايمەن » دېگەن ئۇلارغا.
ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەر دوستىدىن ھېچقانداق
خەۋەر بولمىغان. نانسى تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭدىن زادى نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سورىغاندا، ھېلىقى ئەر نانسىغا: نېمىشقا كۆپچى-
لىكنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلمايسىز؟ بۇنداق ئەدەپسىزلىكىڭىزنى
كۆتۈرەلمەيمەن، دېگەن.

ئەمەلىيەتتە، نانسى ناخشا ئېيتىشنى رەت قىلمىغان. ئۆزىنىڭ
مۇشۇ پائالىيەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىزھار قىلغان. ھېلىقى
ئەر نانسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە ۋە كەسكىن-
لىكىگە چوڭقۇر قايىل بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇنىڭغا





ئىتائەتمەن، مۇلايىم، ئۆزىنى ئوڭايسىزلىققا سېلىپ قويمايدىغان ئايال كىشى لازىم.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

ئالدى بىلەن، بىز ئۇلارغا زىيادە تەلەپ قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. « قەدىرلىكىم، مالال كۆرمەي لۆڭگىنى سۇنۇۋەتسىڭىز ؟ » دېگەن تەلەپپۇزدا دېيىلگەن گەپ بىلەن « لۆڭگىنى سۇنۇۋېتىڭە » دېگەن گەپنىڭ پەرقى ناھايىتى زور.

ئەرلەر ئىلتىماس تەلەپپۇزىدا دېيىلگەن گەپنى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېيىلگەن گەپتىن بەكرەك قوبۇل قىلىدۇ. ئۇمىدىمىز بىلەن تەلەپىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىزنى تەڭشىسەكلا بولىدۇ.

ئېيتايلۇق، رېستوران مۇلازىمىغا تاماقلار مۇزلاپ قاپتۇ دەپ رەنجىمەي، تاماقنى يەنە بىر قېتىم ئىسسىتىپ بېرىشنى سىلىقلىق بىلەن دېگەن تۈزۈك. ئەگەر جۇپتىڭىز بىلەن چوڭقۇرراق پاراڭلاشماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا دېلو بېجىرىۋاتقان ساقچىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىسىڭىزلا، ئۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ، ئالدىڭىزغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

قارشى تەرەپكە تەھدىت سېلىش، ئىزاغا قويۇش ياكى ئۆزىنىڭ تارلىقىنى كۆچلۈك ئىپادىلەش، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەقسەتكە يېتىشىمىزدا ۋاستە بولالايدۇ، ئەمما بۇ پەقەت ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى « رازى قىلىش تەس » دېگەن قارىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، سىز ئېرىڭىزگە ناۋادا ئۇ يەنىلا ھوشىنى تاپمىسا، ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ قۇچىقىغا تاشلايدىغانلىقىڭىزدىن بېشارەت بەردىڭىز دەيلى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك ۋاستە، چۈنكى ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى ناھايىتى چۈرۈك بولىدۇ.



يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، مەلۇم جەھەتلەردە بىزنى



رازى قىلماق ھەقىقەتەن تەس. بۇنىڭغا ئىلگىرىكى نامراتـ
لىقتا ئۆتۈش ياكى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش جەريانىدىـ
كى تەجرىبىلەر سەۋەبچى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە،
بىزگە قانچىلىك نەرسە كېرەك، بۇنى ئۆزىمىزمۇ بىلىپ كەتمەيـ
مىز، بۇرۇن قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، شۇ
چاغدا تارتقان ئازابنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە كۆپرەك نەرـ
سىلەرنى تەلەپ قىلىش ئۈمىدىدە بولىمىز.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟

باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن «رازى قىلماق تەس» دېگەن باھاـ
سىنى ھېچقانداق ئايال قوبۇل قىلمايدۇ دەپ ئويلايمەن. بىز ئۆزىـ
مىزنى يۈزىمىز چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىمىز. ئۆزىمىزنى
ئاقلاشقا ئىنتىلىمىز. جۈپتىمىزگە بىز بىلەن بىللە ياشاش ئۈنچە
قىيىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىرايمىز، بۇ بىزدىكى بىۋاـ
ستە ئىنكاس.

## ھەل قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى

رازى قىلىش تەس بولغان بارلىق ئاياللار بىرلىشەيلى!
بىزنىڭ ئۆزىمىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى
تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمىز بار. ئەمدى «رازى قىلىش تەس» كە
ئېرادىنىڭ ئىپادىلىنىشى سۈپىتىدە يېڭىۋاشتىن قاراپ، ئەرلەرنىڭ
ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان «ھۆكۈمران» دېگەن تېرمىننى چۆرۈپ تاشـ
لىشىمىز كېرەك.



يېڭى مەسئۇلىيەتكە ئەگىشىپ يېڭى ھۆكۈم مەيدانىغا



كېلىدۇ. بىز يەنىمۇ مۇۋاپىق ھەم ئۈنۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۈمىدىمىزنى ئىزھار قىلىشىمىز كېرەك. يادىڭىزدا بولسۇن : تەلەپ قىلماڭ ، « خاپا بولماي ماڭا ياردەم قىلىۋېتەمسىز ؟ » مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىش كېرەك. ناھايىتى مۇھىم ئىش شۇكى، « رەھمەت » ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر تاكتىكا بار. جۈپتىڭىزنىڭ ناھايىتى، ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈڭ، ئۇنىڭ مەلۇم ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلسىڭىز ، شۇ ئارزۇيىڭىزنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇڭ ياكى ئۆزىڭىز بىر ئامالىنى قىلىڭ. ئۇ ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلىپ ئالدىڭىزدا خىجىل بولۇپ قالمىسۇن.

قارشى تەرەپ ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىپ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش بۇمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بىراق، قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان بۇنداق ياخشىلىنىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭغا بىر مىسال. ئەگەر سىز بىر مەزگىل قورساقتا ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئېرىڭىزنى كېچە سائەت بىردە ماروژنا ئەكېلىشكە تاللا بازىرىغا ئەۋەتسىڭىز، بۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تەلەپ بولىدۇ ( ئېغىر ئاياغ بولسىڭىز بۇ باشقا گەپ ) ، شۇڭا بەزىبىر تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۆزىڭىزنى جۈپتىڭىزنىڭ ئورنىدا قويۇپ، شۇ مەيداندا تۇرۇپ ئويلىنىڭ.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش



كۆپىنچە ھاللاردا ئۈمىدىمىز قانچە كۆپ بولسا،



شۇنچىلىك كۆپ ھەققە ئېرىشىمىز . ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە بىز رازى قىلىش تەس ياكى چىقىشقىلى بولمايدىغان دەپ قارىلىمىز. لېكىن، باشقا بىر نۇقتىدىن ئويلىغاندا، بىزنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىمىزگە ۋە كۈچلۈك غۇرۇرىمىزغا ئۇلاردا ھۆرمەت ئويغىنىدۇ. بۇ ئەرلەردە ئۆز ـ ئۆزىنى كۆتۈرۈش مۇددىئاسىنى قوزغاپ، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.





# توققۇزىنچى جىنايەت ئۇ سىز ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ

مەن يول بويىدىكى قەھۋەخانىدا مۇنداق دىئالوگنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئايال ئا: ... كېيىن جېك مەن بىلەن نانسېنىڭكىگە تاماققا بىللە باردى.

ئايال ب: توختاپ تۇرۇڭا، خىزمىتىڭىز زادى ئۆستىمۇ ـ يوق؟

ئايال ئا: سىزگە مۇشۇ گەپنى دېمەكچىدىم. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بىر يەرگە بارغاندا، جېك ئۆزىنىڭ چوڭ بىر خېرىدار بىلەن توختام تۈزۈش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى دېدى، ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا نانسى مەندىن ئالدىراش خىزمىتىنىڭ ئۆسكەن ـ ئۆسمىگەنلىكىنى سورىدى...

ئايال ب: مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئايال ئا: تاپتىڭىز! ( ئىككى ئايال قوللىرىغا قەھۋە تولدۇرۇلغان رومكىلىرىنى ئېلىپ سوقۇشتۇردى ) مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر خۇش بولغانلىقىمنى، ئاشۇ خىزمەتلەرنىڭ زىممەمگە چۈشكەنلىكىنى، يېقىندا يەنە مائاش ئۆستۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىمنى، ئاندىن مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن نيۇيوركقا بارىدىغانلىقىمنى دېدىم. جېك بىلەن نانسى مېنى مۇبارەكلەپ كەتتى. لېكىن، جېك يوغان ئاغزىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ شۇنداق دېدى: « شۇنداق، ئاندىن كېيىن سىز ھېلىقى رودۇپاي خوجايىنىنىڭ ئىستائەتمەن قولىغا ئايلىنىسىز. ئۇ ئەبلەخ ھەقىقەتەن بىر رودۇپاي. بۇ قېتىم ۋەزىپىڭىزنىڭ ئۆسۈشى، سىزنىڭ ئۇنىڭغا جىنىڭىزنى سېلىپ بەرگەنلىكىڭىز، ھەر ھەپتىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن يىگىرمە سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەپ





بەرگەنلىكىڭىزدىن بولغان » دېدى.

جېكنىڭ بۇ زادى نېمە دېگىنى ؟ مەن خىيالىمدا بۇ گەپنى مۇنداق چۈشەندىم: « مەن خوتۇنۇمنى خوجايىنىنىڭ ئۇنداق ئېزىشىگە چىدىمايمەن، شۇڭا مەن خوتۇنۇمنى قوغدىشىم كېرەك » ، ئۇ مۇشۇنداق دېمەكچى. ناۋادا جۈپتىمىز بىزنى زىيانكەشلىكتىن ھەقىقىي قوغدىسا، بىز ئۆزىمىزنى تولىمۇ خاتىرجەم ھېس قىلىمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلار بىزنىڭ خىزمە- تىمىزنى قوللىمىسا، بىز يەنىلا قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كېتىمىز.

جېكنىڭ گېپى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمە- گەن، ئۇ ئەسلىدە: « قەدىرلىكىم سىزنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قى- لىۋاتقانلىقىڭىز ماڭا مەلۇم » ياكى « قەدىرلىكىم، مەن ھەقىقەتەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن » دېيىشى كېرەك ئىدى، گەپ قىلىشنى بىلمىگەن بولسا، ئاغزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرسا بولاتتى. بۇنىڭدا كۆڭۈللۈك كەيپىيات بۇزۇلۇپ كەتمەيتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىز جۈپتىمىزنىڭ بىزنى قوللىشىنى، رىغبەتلەندۈرۈشىنى، مۇۋەپپەق- قىيەت ۋە خۇشاللىقىمىزدىن بىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى بەكرەك ئويلايمىز.

ئەپسۇسكى، بىز كۆپ ھاللاردا جۈپتىمىزنىڭ مۇۋاپىق قوللى- شىغا ئېرىشەلمەيمىز، سىزمۇ چوقۇم ھېس قىلغان ئىشقا ئائىت مىسالدىن بىرنى كەلتۈرەي. باۋرا چوڭ تىپتىكى ئائىلە سايمانلىرى ماگىزىنىنىڭ دىرېكتورى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مەن ھەر كۈنى ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئې- رىم جورجى ئىشخانىسىدا يۈز بەرگەن چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ







ھەممىسىنى قايتا ـ قايتا سۆزلەيدۇ. مەن خىزمىتىم توغرۇلۇق سۆزلىسەم، ئۇ ماڭا ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرھال سۆزنىڭ تېمى-سىنى باشقا ياققا يۆتكەشكە ئۇرۇنىدۇ ياكى شىرەسىنى يى-غىشتۇرۇشقا باشلايدۇ ( ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلىدۇ ) » .

دوستۇم سوزانمۇ مۇشۇنداق تەجرىبىگە ئىگە: « توم ئىككىمىز تۇنجى پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ خىزمەتتىن چې-كىنىشىمگە قوشۇلدى، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بالىغا قارىدىم. مەن گەرچە ئۆيدە بالا بېقىش بىلەن ئالدىراش بولساممۇ، لېكىن توم ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ كەلسە، ئۇنىڭدىن ئىشخانىدىكى كۈنى-نىڭ بۈگۈن قانداق ئۆتكەنلىكىنى سوراپ كەلدىم.

ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭغا بالىمىزدا بۈگۈن كۆرۈلگەن يېڭى ئەھ-ۋاللارنى دەپ بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا تازا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىغىز ئىچىشىنى كۈتۈپ گەپ قىلماس بولۇۋالدىم. ئۇمۇ سورىمىدى، بۇنىڭدىن بەك مەيۈسلەندىم. چۈنكى شۇنچە يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ بالىمىزغا قارايمەن، مەن ئەسلىدە مۇشۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلىشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم » .

بىز جۈپتىمىزنىڭ خىزمىتىمىزگە، پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلگەن ئىشلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ھەم بىزگە مەدەت بې-رىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بەزىدە چوڭ ۋە بەزىدە كىچىك بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. مەلۇم ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە، جۈپتىمىز بىز قىزىقىدىغان شەيئىلەرگە ئۆزىنىڭ بىزگە ئوخشاش قىزىقماي-دىغانلىقىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، بۇنداق پەرۋاسىزلىقنى قوبۇل قىلماق ناھايىتى تەس. نۇرغۇن ئەرلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار نېمىنىڭ كۆيۈنۈش، نېمىنىڭ ئەدەپ ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن .





دۇنيادا ھەۋەسى ئوخشاش ئىككى كىشى بولمايدۇ. لېكىن بىرىمىز مۇزىكىغا، يەنە بىرىمىز چوڭقۇر دېڭىزغا شۇڭغۇشقا خۇشتار. بىرسىنى ياخشى كۆرسىڭىز، شۇ كىشىنى قوللاشقا تىرىشىڭ ھەم شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەزمۇنلۇق ئىشلارنى ئىگىلەڭ.

بەزى ئەرلەر دەپلا قويسا، كۆيۈنۈش ھەم ھالىغا يېتىشنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلىۋالىدۇ. بۇنى سەل تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئەمدى كۆپلىگەن ئەرلەر نېمىشقا خوتۇنىنىڭ ئىشىغا بىپەرۋا قارايدۇ، دوستلىرىدىن، قىزىقىشىدىن ئېۋەن ئىزدەيدۇ ھەتتا دىمىقىنى قېقىپ قويىدۇ، مۇشۇنىڭغا قاراپ باقايلى.

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

بىز بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبىگە — ئۇلارنىڭ تەھدىت ھېس قىلىشىغا قاراپ باقايلى.

مەيلى ئۇلار ئىنكار قىلسۇن، بىز ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن بۇ ئامىلنى سېزەلەيمىز.

ئاۋۋال، « تەھدىتكە ئۇچراش » ھۆكمىگە قايتىدىن قاراپ باقايلى. مەن بىزنىڭ ھەۋەس ۋە پائالىيىتىمىزگە دۇچ كەلگەن ئەرلەرنى مۇشۇ سۆز بىلەن سۈپەتلىگەندە، غۇرۇرۇمىنىڭ ۋە مەندىكى ئۆزلۈكنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا سىز خىزمەت ئورنىڭىزدا ناھايىتى پائالىيەتچان بولسىڭىز، ئېرىڭىز ھېچقانداق ئىشنى باشقا چىقىرالماي يۈرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ « ئائىلە باشلىقلىق » رولىغىمۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى تار، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز بىلەن بولغان باردى - كەلدىڭىز قويۇق بولسا، مۇشۇ تۈپەيلى ئۇنىڭدا خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن، گەرچە





دوستلىرىڭىزنىڭكىگە سىز بىلەن بىللە بېرىشتىن،
ئۆيدىن تالاغا چىقماي تېلېۋىزور كۆرۈشنى ئەلا بىلگەن
ھالدىمۇ. سىز ئۇنىڭ پىۋا ئىچىپ يوغىناپ كەتكەن
قورسىقىدىن ئىچىڭىز پۇشسا، ئۇ سىزنىڭ ياش، كې-
لىشكەن ھەم ھېسسىياتچان باشقا بىر ئەرنى تېپىۋېلىشىڭىزدىن
ئەنسىرەيدۇ.

ئەرلەر ئۆزىدە بۇنداق تەھدىتكە ئۇچراش روھىي ھالىتى بارلىقىنى
ئىنكار قىلىدۇ ھەم بۇنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۆزىدە بۇنداق روھىي ھا-
لەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئەرلەر ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار
ئۇچۇن، ئوبرازىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم. «قورققانلىقى» نى ئې-
تىراپ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق بىلەن
باراۋەر.

ئەرلەر تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇلار نېمىشقا
ئۆزىنىڭ كەم - چالا يەرلىرىنى تولۇقلاشقا تىرىشماي، بىزگە كەي-
نى - كەينىدىن زەربە بېرىدۇ؟ گەپ مانا مۇشۇ يەردە. بىزنىڭ نە-
تىجىلىرىمىز جۈپتىلىرىمىزنى يەنىمۇ ئىجادىي تۇرمۇشقا قارىتا
ئورتاق ئىنتىلدۈرەلىگەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى. ئەمما، ھە-
قىقىي ئەھۋال شۇكى، نۇرغۇن ئەرلەر بەختسىزلىكى ئۇچۇن ھەس-
رەت چېكىپ، جۈپتىنىڭ تەقدىرىنىڭمۇ بەكمۇ ياخشى بولۇپ
كەتمەسلىكىنى تىلەيدۇ.

ئىككىنچى خىل چۈشەندۈرۈش: ئەرلەرنىڭ خاراكتېرى كۈچ-
لۈك، شۇڭا ئۇلار ئاياللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى رىقابەت ياكى
تەھدىت دەپ چۈشىنىدۇ. بىز جاپا چېكىپ ئۇلار بىلەن ئوخشاش پۇل
تېپىپ ئۆينى قامدىساق، ئەرلەر ھەمىشە شەخسىيەتچىلىك نۇقتى-
سىدا تۇرۇپ ئاياللار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ، خوتۇنىنى خىزمەت پو-
زىتسىيىسى بىرقەدەر ياخشى بولغان رەقىبى قاتارىدا كۆرىدۇ.

ئۇلار مەلۇم سورۇن ياكى ئەھۋالدا ئۆزىنى ئارتۇقچە دەپ ھېس
قىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆز قارىشى ناھا-
يىتى غەلىتە. سىز ئۇنى ئىشخانىڭىزغا بېرىپ خىز-





مەتداشلىرىڭىز بىلەن تونۇشۇشقا دەۋەت قىلىسىز، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ كەينىگە تارتىدۇ. سىز ئۇنى ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا ئۆزىڭىز بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىسىز، ئۇ سىزنىڭ يالغۇز بېرىشىڭىزنى، جەرياننى قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى دەيدۇ، ئۇلار زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟

ئۇلار چەتكە قېقىلىشتىن قورقۇپ خاتىرجەمسىزلىنىشنى يېڭىشكە موھتاج. ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن چىقىپ، بىزنى قوللىشى ھەم رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش مانا شۇ. مۇشۇنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا بىزمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە بىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق؟

ئىككىنى جىنس پائالىيىتىدە، ئاياللار ھەمىشە ئىككى تۈرلۈك سەۋەنلىك سادىر قىلىدۇ. بىرى، بەك كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭدا يەنىمۇ كۆپ مۇھەببەتكە، ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىرى، بەدەل تۆلەشنى «شاپپىدە» توختىتىدۇ، ھەتتا بۇرۇن تۆلىگەن بەدەللىرىنى ياندۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى بىزگە بۇنداق خالىس تۆھپە قوشۇش ئايىغى چىقمايدىغان بىر ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. مۇنداق ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش يۈز بېرىدۇ.

بۇ ئايلىنىش بىزنى شەرتسىز ھالدا بەدەل تۆلەشكە ياكى شەخسىي نەتىجىلىرىمىزنى ئىپادىلەشتىن قول ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ، چۈنكى بىز جۈپتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەم غۇرۇرىنى قوغدىشىمىز كېرەك.



مەسىلەن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا ئىلگىرىلەش كۆرۈ-



لوپ، جۇپتىمىزنىڭ خىزمەت ئىپادىسى بىر ئىزدا توخ- تاپ قالسا، جۇپتىمىز بۇنداق ئەھۋالغا ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. بىرنەچچە سائەت ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئويلىنىپ تەدبىر تېپىشىغا ياردەم قىلىمىز، ئەمما خوجا- يىنلىرىمىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن قانداق رازى ئىكەنلىكى توغرۇ- لۇق ئېغىز ئاچالمايمىز، ھەتتا مائاشىمىز ئۆسىدىغانلىقى ھەققى- دىمۇ ئۇچۇر بېرەلمەيمىز.

ياكى باشقا بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلايلى: خوجايىنىمىز مۇستەبىت تىپىدىكى مەسئۇل خادىم. مائاش ئۆستۈرۈش توغرىسى- دىكى ئىككى قېتىملىق تەلىپىمىز قايتۇرۇۋېتىلدى، ئەپقاچتى گەپلەر ئىشخانىدىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بۇ چاغدا خىزمەتتىن ئىستېپا بەرسەك، بېسىمدىن تەبىئىي ھالدا قۇتۇلى- مىز، لېكىن ئائىلىدە كۆرۈلۈۋاتقان ناچار ئىقتىسادىي مەسىلىنى ئويلىغان ھامان، بۇ نىيىتىمىزدىن ۋاز كېچىمىز ـ دە، ئەكسىچە جۇپتىمىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: « غەم قىلماڭ، ئەھۋال چوقۇم ياخشىلىنىدۇ » دەيمىز.

ئۆز ـ ئۆزىمىزنى چەكلەش باشقا جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، جۇپتىمىزنى ناھايىتى تەستە قىزىمىزنىڭ ئۇسسۇل كېچىلىكىگە قاتنىشىشقا ماقۇل قىلىمىز. ئالتە ئايدىن بېرى، قىزىمىزنى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئۇسسۇل دەرسىگە ئاپى- رىپ ـ ئەكېلىمىز، نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ قىزىمىزنىڭ بالېت كىيىمىگە پارىلداق تىكىپ جۇلىقىمىز چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما، قىزىمىز چۈشتىن كېيىن: « ئاپا، يېنىمدا تۇرۇپ بەر- گەنلىكىڭىز ئۇچۇن سىزگە رەھمەت » دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ بەرگەن باغاقچىنى جۇپتىمىزگە كۆرسىتەلەمدۇق؟ ياق، ئېرىمىزنىڭ ئۇنى كۆرۈپ بىر قىسما بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ باغاقچىنى قاتلاپ ئاستاغىنا سومكىغا سېلىپ قويىمىز.





كۆردىڭىزمۇ ؟ بىز جۇپتىلىرىمىز ئۇچۇن مانا مۇشۇنداق ئويلايمىز . بىراق ، ئۆزىمىزنىڭ جۇلالىقلىقىمىزنى يوشۇرۇش ، قىزغىنلىقىمىزنى بېسىش ، بۇ جۇپتىلىرىمىزگە مۇنداق بىر نەرسىدىن بېشارەت بەرگەن بىلەن باراۋەر : ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسى ۋە غەم - ئەندىشىسى ئالدى بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇمىزغا ئېتىبارسىز قارىشىغا يول قويىمىز ، ھەتتا ئۇلار بىزنى بىز ئۇچۇن ئەھمىيەتلىك بولغان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ .

ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسى جېنىمىزغا پاتقان ھامان، بىز تەبىئىي ھالدا « ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ » قىلىشنى ئويلايمىز . شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە قىزىقىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيمىز . ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىمىزنىڭ يامان گېپىنى قىلسا ، بىز جۇپتىمىزنىڭ ئۆزىگە ھاراقكەشلىك ئادىتىنى يۇقتۇرۇۋالغان دوستىغا ھۇجۇم قىلىمىز ؛ جۇپتىمىزنىڭ بەدەن ساغلاملاشتۇرۇشىمىزغا پىكرى بولسا ، بىز دەرسخانىدىكى جەلپكار ھېلىقى يىگىتنى ئەسلەشكە باشلايمىز .

جۇپتىمىزگە تۆلىگەن بەدەلنىڭ « ئارتۇق » ياكى « يېتەرسىز » بولۇشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ. بەدەل زىيادە بولۇپ كەتسە، ئەرلەر يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ ، ھەتتا ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ. ئۇلاردىن مۇناسىپ ھالدا قىساس ئېلىشقا ئۇرۇنساق ، ئۇلار بىزنى سەپدىشى قاتارىدا ئەمەس ، بەلكى رەقىبى قاتارىدا كۆرىدۇ .

ئەمەلىيەتتە ، بىزنىڭ : « قەدىرلىكىم ، مەن سىزنىڭ بەك جاپاكەش ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن . مەن ياردەم قىلىدىغان قانداق ئىش بار ؟ » دېگەندەك بىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغۇمىز بار. بىز جۇپتىمىزنىڭ قوللىشىغا نائىل بولالمىغانلىقتىن، شۇڭا ئاغرىنىپلا، رەنجىپلا يۈرۈيمىز .





# بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

بىز جۈپتىمىزنىڭ ھەقىقىي نىيىتىمىزنى چۈشە-
نىشنى ئۈمىد قىلىمىز . كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ
نىيىتىمىزنى ئىگىلەشكە ھەرىكەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .
بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىنى، بىز
ئۈچۈن ئېھتىياجلىنىشىنى ، بىزنى ھۆرمەت قىلىشىنى ئىستەي-
مىز . باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشىش ئىس-
تىكى بىز ئاياللار ئۈچۈن ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئا-
ساسىي ئامىل . بىز ئەرلەردىمۇ مۇشۇنداق تەقەززالىق بولۇشى كې-
رەك دەپ قارايمىز .

ئەمما ئۇلار بىزگە ئوخشىمايدۇ . بىزدىكى باشقىلارنىڭ چۈشى-
نىشىگە موھتاج بولۇش تەقەززالىقىنى ئۇلار مۇھىم دەپ بىلمەيدۇ .
مەسىلە مۇشۇنىڭدىن يۈز بېرىدۇ ، بىز جۈپتىمىزنىڭ بىپەرۋالىقى-
نى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ۋەدىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالىمىز .
« ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن ئېتىبار بىلەن قارىسا ، ئۇنداقتا ... » دەپ
ئويلايمىز .

ئەسلىدە مۇھەببەت بىلەن ۋەدە ئەسلىدە باشقا ـ باشقا ئىككى گەپ .
كۆپلىگەن ئەرلەر باشقىلارنىڭ ( بولۇپمۇ جۈپتىلىرىنىڭ ) قوللى-
شىنى ۋە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى بەك خالاپ كەتمەيدۇ ، ئاياللار
بولسا ئۇنداق ئويلىمايدۇ . بۇنىڭ شەپقەتسىز رېئاللىق ئىكەنلى-
كىنى بىلىمەن . ئۇلارنىڭ كەسپىي ھاياتىغا قىزىقامدۇق ياكى قى-
زىقمامدۇق، ئەرلەر ھەتتا مۇشۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ،
بولۇپمۇ ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرنىڭ مۇستەقىل تەرىپى . بۇ ئەھۋالدا ،
ئەرلەردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى ، ئۇلار قانداق بەدەل تۆلەشنى



ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆلچەيدۇ . بىزنىڭ
كەيپىياتىمىزنى بىزنىڭ مەيدانىمىزدا تۇرۇپ تەسەۋۋۇر



قىلمايدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر ئىنسان خاراكتېرى. بىز كۆپىنچە هاللاردا ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان سۆيگۈ بويىچە قارشى تەرەپنى سۆيگەچكە، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە مەسىلە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## هەل قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئىپادىمىز ئۇچۇن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك. جۈپتىمىز مەيلى قانداق ئىنكاستا بولسا بولىۋەرسۇن. ئۇلار بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىزگە ئۆزلۈكىدىن قاتناشسا تېخى ياخشى. ناۋادا ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، ئىلتىماس قىلىڭكى، هەرگىز زورلىغۇچى بولماڭ.

شۇنداق ئويلىشىڭىز مۇمكىن: بىز نېمىشقا ئاۋۋال ئېغىز ئاچمىز؟ بىز ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئۆزلۈكىمىزدىن قاتنىشىمىز. نېمىشقا رولىمىز قارىمۇقارشى بولۇپ قالغاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىمىز؟



بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي، چۈنكى بۇ ئۇسۇل ئۈنۈملۈك. ئۇنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كۆپرەك ئارىلىشىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىڭ. ئىنكار قىلىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلماڭ. «بۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقانلىقىمغا ئون ئىككى يىل بولدى. ئىشخانامغا بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭىز» دېگەندىن كۆرە، ئۇنى





ئىشخانىڭىزنىڭ يېنىدىكى بىرەر ئاشخانىغا چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، تاماقتىن كېيىن ئىشخانىڭىزغا باشلاپ كىرگىنىڭىز تۈزۈك.

كۆكتات تېرىش خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالىسىڭىز، ئۇنى ئۇرۇق تاللاپ بېرىشكە، بىللە پەمىدۇر ۋە تەرخەمەك تېرىشقا ئۇندەڭ.

ئەرلەر ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ئامراق. كونكرېت ئىشلارغا ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە بىجانىدىل ياردەم قىلىپلا قالماي، ئۆزىنى مۇھىم ئادەم قاتارىدا ھېسابلايدۇ. مەسىلەن، خىزمەت داۋامىدىكى قول تۇتىدىغان ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭ تەكلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ۋە تۇرمۇشىڭىزغا ئارىلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەرلەر تەكلىپ بېرىشكە خۇشتار، بۇنى ئۇلار ئۆز ئارتۇقچىلىقى دەپ بىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىگە يول قويۇڭ.

ئۆز تەسىراتىڭلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى. ئىككىڭلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئوخشاشلا ئەندىشە، خۇشاللىق ۋە باش قېتىنچىلىقىغا تولغان. ئىككىڭلار تاماق ئۈستىدە بىللە ئولتۇرغاندا، بۈگۈنكى ئاۋارىچىلىك ۋە ئەندىشە توغرۇلۇق ئۇنىڭغا توختىماي دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭغا گېپىنى قىلىپ بولۇش پۇرسىتى بەرگەن ئەۋزەل. جۈپتىڭىزنىڭ بەزى ئىشلارغا بولغان كۆزقارىشىنى ئاڭلاشقا ئۆزىڭىزنىڭ ئىنتىزارلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا دېگەن چاغدا، بۈگۈن ئۇ قانداق ئىشلارغا يولۇقتى، شۇلارنى بىلگۈڭىز بارلىقىنى ئۇنىڭغا دېسىڭىز بۇنىڭ يامىنى بولمايدۇ. يادىڭىزدا بولسۇن، ئۇنىڭدا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈشىڭىز كېرەك.





ئەمدى قوللىنىشقا تېگىشلىك ماھارەت شۇكى، ئۆزد-
ىڭىزنىڭ ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاش-
قۇڭىز بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇچۇق بىلدۈرۈڭ. بىر سائەت
پاراڭلىشىشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، پارىڭىڭلارنىڭ ئون بەش
مىنۇتتىلا تۈگەيدىغانلىقىنى ھەرگىز دېگۈچى بولماڭ. ئۇزۇن پا-
راڭلاشمايدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن بولسىڭىز، پاراڭلى-
شىش ۋاقتىنى سوزۇۋەتمەڭ. پۇرسەتنى توغرا مۆلچەرلەشكە دىققەت
قىلىڭ. ئۇ مۇگدەپ قالغان چاغدا، ئەزمىڭىزنى ئېزىپ پارىڭىڭىزنى
قىلىۋەرسىڭىز بولمايدۇ. پاراڭنىڭ مەزمۇنىغا ئىغۋاگەرچىلىك ئا-
رىلىشىپ قالمىسۇن. جۈپتىڭىز ئىمكان بار بېسىم ھېس قىل-
مىسۇن. بۇ چاغدا، جۈپتىڭىز سىز مۆلچەرلىگەندىكىدەك ئېپادىدە
بولمىسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

سىزدە ئىككى خىل تاللاش بولىدۇ. بىرى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەت چەمبىرىكىڭىزنى كېڭەيتىسىز. جۈپتىڭىزدىن
تەمە قىلغان مەدەت ۋە قوللاشقا پۈتۈنلەي تايىنىۋالمايسىز، دوست-
لىرىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىز ياكى بىر قىسىم تەشكىلاتلار سىزگە
ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ ھەم سىزنى قوللايدۇ.
سىزنى جۈپتىڭىز بۇنداق ياردەم ۋە قوللاش بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ.
ئويلاپ بېقىڭ. سىز تېلېفون ئارقىلىق: «قالتىس! زادى نېمە
ئىشلىقىنى ماڭا تېزراق دەڭ!» دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەن چاغدا،
جۈپتىڭىزنىڭ: «ھە، ئەمىسە ياخشىغۇ» دېگەن گېپىنى كۆڭلى-
ڭىزدە ساقلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى سىرتقا كېڭەيتىش ناھايىتى ئەھ-
مىيەتلىك بىر ئىش. بۇ بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىق، ئىككى
جىنس مۇناسىۋىتىدىكى چەكلىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەممە ئىشتا
جۈپتىڭىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتەك رومانتىك خى-
يالدىن ۋاز كېچىش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن





تاللىشىمىز بارلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ جۈپتىمىز تۇرمۇشىمىزدىكى بىردىنبىر تۈۋرۈك ئەمەس.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش كېرەك

ئالدى بىلەن، جۈپتىمىز مۇۋاپىق قوللىمىسا، ياكى رىغبەتلەندۈرمىسە، بىز نائىلاج سىرتتىن ياردەم سورايمىز. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ تۇرمۇش چەمبىرىكىمىز سىرتقا كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچراش جەريانىدا بىز قانداق قىلغاندا يەنىمۇ قەيسەر بولۇشنى، يەنىمۇ ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالالايمىز. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆزىمىزنى جەزملەشتۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

« ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش » ئەڭ ياخشى دورا. جۈپتىمىزنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ھامان، ئۇلار ئۆزىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىزگە ئۆزلۈكىدىن يېقىنلىشىدۇ. قاراپ تۇرۇڭ. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئاز ـ تولا ئۆزگىرىشلەرمۇ يۈز بېرىدۇ.





# ئونىنچى جىنايەت ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆز ئۆستىگە ئېلىشنى خالمايدۇ



بىر ئايال دوستۇم دېگەنگە ئوخشاش: «ئاشخانىڭىزدىكى سۇ تۇرۇبىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالغان، سېۋەت كىر بىلەن لىق تولغان، بىر بالىڭىز يىغلاپ، يەنە بىر بالىڭىز تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمەي ۋايساۋاتقان بولسا؛ ئەتە قېيىنانىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشىغا بارمىسىڭىز، ئۇنىڭدىن باشقا ئەتە بىر كۈنلۈك خىزمىتىڭىزنى تاپشۇرمىسىڭىز بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر قولىڭىزنى ئىككى قىلالماي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئېرىڭىزنىڭ قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىزنى ئەركىنرەك تۇتۇڭ دەپ قويۇپ بۇرۇنقىدەك تېلېۋىزور ئالدىدا پۇتىنى ئالماپ خىيالىدا يوق ئولتۇرغان ھالىتىنى قىياس قىلىپ بېقىڭ».

بۇ قانداق گەپ؟ ئەرلەر زادى شەخسىيەتچىمۇ ياكى ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلمامدۇ؟ كىر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، بالىلار قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي قىرقىراپ يىغلاۋاتقان، تېلېفون توختىماي جىرىڭشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، بىزنىڭ راھەتلىنىپ يېتىپ ژۇرنال كۆرۈشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.





تەلىيىڭىز كېلىپ جۇپتىڭىز ئۆي ئىشىنى سىز بىلەن تەڭ ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان ئەر كىشى بولسا، سىز پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىقاندىن كېيىن بۇ ماۋزۇدىن ئاتلاپ، قولىڭىزدىكى كىتابنى داۋاملىق كۆرۈۋېرىڭ.

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

« ئەرلەر يارىلىشىدىن تارتىپلا بىراز شەخسىيەتچى بولۇپ يارالغان » دېگەن پەتىۋا پۈتكۈل ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ قىسمەن سەۋەب، ئەلۋەتتە. لېكىن، گېن ئىرسىيىتى ۋە ئۆسۈپ – يېتىلىش مۇھىتى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولۇشى مۇمكىن.

مەن دوستۇم لوئىس بىلەن مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق كۆپ قېتىم پاراڭلاشتۇق. ئەڭ ئاخىرى ئۇنى قايىل قىلدىم: « ئەرلەر شەخسىيەتچى ئەمەس، ئۇلار يارالغان چاغدا ئورۇن – كۆرپە يىغمايدىغان، بالا باقمايدىغان ۋە تاماق ئەتمەيدىغان بولۇپ يارالغان » . لوئىس مۇشۇ ئېھتىماللىقنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ « ئىپتىدائىي ئادەم نەزەرىيىسى » نى بازارغا سېلىشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق: « هازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ ئەرلەردىن كۈتكەن ئۈمىدى ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىگە خىلاپ بولغاچقا، دەۋرىمىزدە ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى ماسلاشمىغان » . ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى « ئەرلەر دېھقانچىلىق، ئاياللار توقۇمىچىلىق قىلىدىغان » دەۋردە ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلغانىمىش. ئەر تالاغا، ئايال ئۆيگە خوجايىن بولۇش، بۇنىڭدىنمۇ ئادىل ئىش يوقمىش. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېنى ئۆي ئىشىغا ئىگە قىلىپ قويۇپ، تالانىڭ ئىشىدىن غەم قىلدۇرمايدىغان ئەر كىشىنى تېپىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن.



ئەمما، بۇنداق ئەرلەر بەك ئاز، ئاز بولغاندىمۇ ئاجايىپ ئاز.



بۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەرگە ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا «ئاياللار ھەربىر ئىشتا ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن ئوبدان چە-قىشى كېرەك» دېگەن قاراش تەكرار سىڭدۈرۈلگەن.

گەرچە بىر قىسىم ئەرلەر پەرزەنت تەربىيىلەش سېپىگە قېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇرۇشتىن كېيىن تۇغۇلغان ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاپىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. ئۇلار ئاپىسىنى جان پىدالىق بىلەن ئۆي ئىشى قىلىۋاتقان، ئاتى-سىنى بىر كۈنلۈك جاپالىق خىزمەتتىن چۈشۈپ بېگىمدەك پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ كۆنگەن.

بۇنىڭدىن مۇنداق ئۇچۇر تارقىلىدۇ: ئاتىسى پۇل تېپىپ ئۆي باقىدۇ، ئاپىسى پۇل تېپىشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىدۇ( بەزى ئاپىلارمۇ پۇل تاپىدۇ). بۇنداق قاراش نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەرلەرنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بىراق، ئەرلەردە نېمىشقا بۇنداق قاراشنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنسەكمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گۇناھتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلالمى-دۇق. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بىز ئەمدى ئەرلەرنىڭ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىگەن گەپ - سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق؟

بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز تەكشى تەقسىم قىلىنغان خىزمەت مىقداردىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن چاغدا، بىز ھەمىشە جۈپتىمىز-نىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئىش -ھەرىكەتلىرىگە باھانە - سەۋەب ئىزدەپ، تەقدىرىمىزگە تەن بېرىمىز.



شۇڭا، مۇشۇنداق شەكىلدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرنەچچىسى



مەۋجۇت:

ئالدى بىلەن، نۇرغۇن ئاياللار كىچىكىدىن تارتىپلا « ئاياللار ھەممە ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرىدۇ » دېگەن قاراش بىلەن چوڭ بولىدۇ. ئىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە توختىماي بەدەل تۆلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىز توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى راۋا كۆرمىگەچكە، جۈپتىمىزگە بېسىم ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىمىز ياكى بولمىسا ئازراق ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىلىق سېلىشتىن ئۆزىمىزلا قول سېلىپ قىلىۋېتىمىز. راستىنى دېگەندە، تەربىيە كۆرمىگەن ئەرلەرگە دۇچ كەلگەندە، بىزگە ئۇلارنىڭ دەردىنى تارتماي ئىلاج يوق.

ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە شەكىللەنگەن ھالەتنى ئۆزگەرتىش سەل قىيىن تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىز ئىش - ھەرىكەتىمىزنى ئازراق ئۆزگەرتسەك، يەنىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن قارشى تەرەپكە ئاز - تولا ئۆزگەرتىش ۋاقتى بەرسەك، ئەھۋالدا چوڭ ئوخشىماسلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن ئاۋۋال كۆڭلىمىزدە زادى قانداق تەدبىر بار، ئالدى بىلەن بىللە شۇنى ئەگىلىشىمىز كېرەك.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟

بىز نېمىشقا ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقىنى جۈپتىمىز بىلەن تەڭ ئۈستىمىزگە ئالالماسلىقىمىزدىن تېرىكىپ، يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى بۇ ئادىل ئەمەس! بۇنداق نامۇۋاپىق ئەھۋال ئالدىدا، بىز ئىختىيارسىز: « ئەمىسە مەن نېمە؟ »، « جۈپتىمىز ئازراقمۇ مىننەتدار بولمىغان ئەھۋالدا ئۆي ئىشلىرىغا مۇشۇنداق جېنىمىزنى سېلىپ بېرىمىزمۇ؟ » دەپ ۋارقىرىغۇمىز كېلىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ھېلىقى لەنتى تۈگىمەس





ئائىلە ئىشلىرى ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەرلەر ئازراقمۇ ھېس قىلمايدۇ.

مەزكۇر كىتاب سىزگە مەقسەتكە قانداق يېتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا، ئاتالمىش «تېگىشلىك»، دېگەن سۆزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇش كېرەك. توغرا، ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشقا «تېگىشلىك». ئۆي ئۇنىڭ، بالا ئۇنىڭ، دوست ـ يارەن ئۇنىڭ، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

لېكىن، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز تونۇغان «تېگىشلىك» بۇ يەردە ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ نېمە قىلىشى مۇھىم ئەمەس، ئۆزۈڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئاز ـ تولا راھەتلىنىش، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشىنىشىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك، بۇلارنى يەنىلا ئۆزىڭىز قىلىسىز.



ئۆز تاللىشىڭىزنى چۈشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىڭ، مەۋجۇت ئەھۋالغا بولغان نارازىلىقىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىڭ. يادىڭىزدا بولسۇن، ئوڭۇشسىزلىق تۇيغۇسىنى ئازايتىپ، تۇرمۇشتىن مەمنۇن بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز مانا مۇشۇ.

## ھەل قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى



سىز جۈپتىڭىزنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى سىز بىلەن تەڭ



قىلىشنى ئۈمىد قىلىسىزغۇ؟ بۇ ھەپتە خىزمەت بىلەن قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۆينىڭ قالايمىقان بو-لۇپ كەتكەنلىكىنى بۈگۈن كەچتىكى زىياپەتكە قايسى كىيىمنى كىيىشىڭىزنى بىلمەي پاراكەندە بولۇپ كېتىـ ۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنىڭ بىلىشىنى ئۈمىد قىلىسىز.

ئۇ سىزنىڭ بۇ ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ سىزنى ئازراق ئۇخلىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ، سىز ئويغىنىپ ئۆينىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىسىز، ئۇ سىزنى ماشىنىلىق تورلۇك ماللار ماگىزىنىغا ئاپى-رىپ، كەچلىك يىغىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىيىم ئېلىپ بې-رىدۇ. بولدى، رېئاللىققا قايتىپ كېلەيلى، بۇنداق ئەرلەر بەك ئازلاپ كەتتى. جۈپتىڭىز كۆپرەك بەدەل تۆلەشنى خالىغان تەق-دىردىمۇ، ئۇ يەنىلا سىزنىڭ يوليورۇقىڭىزغا موھتاج بولىدۇ. دىق-قەت قىلىڭ! مۇئامىلىڭىز چوقۇم مۆتىدىل بولۇشى، يوليورۇقـ ڭىزدىن ئۇ بىزار بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

سىز ئىلتىماس قىلغان چاغدا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىشلاردىن تەرك ئەيلەڭ: بىرىنچى، ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي ئۇنى ھۇرۇن ھەم يارامسىز ئادەم ئىكەنسىز دەپ سالماڭ، ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان يارامسىز بولمىسىلا. ئىككىنچى، ئۆزىڭىزنىڭ دېگىنىنى راست قىلىش مەقسىتىدە پاكىتنى كۆپتۈرۈۋەتمەڭ. «بالا بىلەن ئەزەلدىن كارىڭىز يوق» ياكى «قوڭىڭىزنى ساپادىن كۆتۈرمەي ئولتۇرىسىز، ئۆينىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشلىق» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈ-رۈپ قويىسىز.

قانداق قىلىش كېرەك؟ سىز جۈپتىڭىزگە: «خاپا بولماي كىرلارنى قاتلىۋېتەمسىز؟» ياكى «بالىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا قاراپ قويغان بولسىڭىز سىزدىن خويمۇ مىننەتدار بولغان بولات-تىم» دەپ بېقىڭ. جۈپتىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلىشىڭىز ھەقىقەتەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىش





ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. يەنىلا شۇ نەرسە يادىڭىزدا بول-
سۇنكى، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز ئۇنىڭ ئاز - تولا بەدەل
تۆلىشىنى ئۇمىد قىلىش. ئۇنىڭغا يېقىملىق تەلەپپۇزدا
ئىلتىماس قىلىش، بۇ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىلتىماسىڭىز چوقۇم ئېنىق بولۇشى كېرەك.

باشتا، ھەقىقىي كۆڭلىڭىزدىن ئۇمىد قىلىدىغان بىر ياكى
ئىككى ئىشنى تاللاپ، جۈپتىڭىزنىڭ شۇ ئىككى ئىشنى سىز بىلەن
تەڭ ئۇستىگە ئېلىشىنى ئىلتىماس قىلىڭ. مەسىلەن، « ھازىردىن
باشلاپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى ۋاق تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى-
ڭىزنى ئۇمىد قىلىمەن » ياكى « مۇشۇ ھەپتىدىن باشلاپ، بالىلار
يەكشەنبە كۈنى ئوقۇغان چاغدا، ئۇلارنى مەكتەپتىن ئەكىلىشىڭىزنى
ئۇمىد قىلىمەن » دەڭ. ئۇ ماقۇل دېيىشى ياكى رەت قىلىشى مۇم-
كىن ياكى ماقۇل دەپ قويۇپ، ئاراڭلاردا بۇنداق گەپ - سۆز بول-
مىغاندەك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈشىمۇ مۇمكىن.

سىز جۈپتىڭىزگە يۇقىرىقى ئىشلارنى ئىلتىماس قىلغاندا،
سىزدە سۆزىڭىزنىڭ رەت قىلىنىشىغا نىسبەتەن روھىي تەييارلىق
بولۇشى كېرەك، قالغان ئىشلار « ماسلاشتۇرۇش » قا مۇناسىۋەتلىك.

ئەڭ ياخشى ئۇسۇل شۇكى، جۈپتىڭىز بىلەن چىرايلىق ئولتۇ-
رۇپ، ئۇستۇڭلارغا چۈشكەن تۇرمۇش يۈكىنى قەغەزگە بىر -
بىرلەپ يېزىپ، ئاندىن كىم قايسى ئىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى
تەپسىلىي ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئېقى ئاق، قارىسى سىياھ، بۇ
قەغەزگە پۈتۈلگەن نەرسىدىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن
سىلەر قارشى تەرەپنىڭ ئائىلە ئىشىنىڭ قايسى قىسمىنى ئۇستىگە
ئالغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر.

بۇ قەغەزنى ئاشخانىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويسىلەر، ئىككى ھەپتە
ئىچىدە ھەرقايسىڭلار مەسئۇل بولۇپ قىلىدىغان ئىشلارنى تەقسىم
قىلىسىلەر. سىلەر بۇ ئىشتىن قايسىڭلار ئائىلە ئىش-
لىرىنىڭ قايسى قىسمىغا مەسئۇل، مۇشۇنى بىلىۋا-





لىسىلەر، بۇ قەغەز ئائىلە ئىشىنى يىغىۋاشتىن تەقسىم
قىلىشتا ئىسپات بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن، مەيلى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ ياكى
كۆرمەڭ، جۈپتىڭىزنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكى
توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا قولاق سالىدىغان ھەم ئېتىراپ قىلىدى-
غان بولىسىز.

مەسىلەن، ئائىلىنىڭ تازىلىقىنى ساقلاشتا، سىز ئۇنىڭغا لايا-
قەتسىز دەپ نومۇر قويىسىز، لېكىن ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئوت ئوتاش، باج تاپشۇرۇش، لامپوچكا يەڭگۈشلەش، شامالدۇر-
غۇچنى ياساش، ماشىنىڭىزنى ئاسراش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ھېچقانداق ئىش قىلمىغان قاتارغا كىرمەيدۇ،
لېكىن بۇنى سەزمىدىڭىز ياكى باشقا ئىشلارنى قىلمىغانلىقى ئۈ-
چۈن ئاچچىقىڭىزدا كۆزىڭىزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي، ئۇ قىلغان
ئاشۇ ئىشلارنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلىۋەتتىڭىز دېگەن گەپ.

بىزنىڭ ئەرلەردىن كۆپ ئىش قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى،
بىز تۇرمۇشتىكى ئىشلارغا ئۇلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئېتىبار بېرى-
مىز. ئېرىڭىزنىڭ قەدىناس دوستى ئۆيۈڭلارغا كەلسە، ئېرىڭىز
تام ــ تورۇسلاردا ئۆمۈچۈك تورى بارمۇ، يوق، ئېرەن قىلمايدۇ. ئەمما،
سىز ئولتۇرالماي قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن، قولىڭىزغا سۈپۈرگىنى
ئېلىپ، تام ــ تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىنى تازىلايسىز. جۈپتى-
ڭىز بالاڭلارنىڭ مۇزدەك قوتۇرماچ يېيىشىنى ھېچقانچە ئىش ئەمەس
دەپ بىلىدۇ. لېكىن، سىز بالىڭىزنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇ-
قىرى يېمەكلىك يېيىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قازان بېشىغا
ئۆتىسىز. ئۇ مېھمانخانىدىكى ساپاغا يۆلىنىپ ھۇزۇرلىنىپ تەن-
تەربىيە گېزىتىنى ئوقۇيدۇ.

بۇنداق تەڭسىز ھالەتنى قانداق تەڭشەش ئارقىلىق مۇرەسسەگە
ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى،
ئۆزىڭىز چىن كۆڭلىڭىزدىن رازى بولغان بەدەلنىڭ بۇ-





لىكىگە بەدەل تۆلەڭ.

مەن جوي بىلەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جوينىڭ سىڭلىسى ئاپىسىنىڭ ئاتمىش ياشقا تولغانلىق شەرىپىگە كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. سىز ئېنىق بىلىۋېلىڭكى، پىلانلىغان بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە جوي ھېچقانداق ئىشقا مەسئۇل بولمىدى. ماشا ئىككىمىز پىلانلاش، باغاق تارقىتىش، يېمەكلىك تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قوللۇق قىلدۇق. جوي ھەممە يەرنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتىڭلارغۇ دەپ غۇدۇڭشۇپ، بىر چەتتە پىرقىراپ يۈردى. ئۇ بىزنى ئۆزۈڭلارغا ئاۋارىچىلىك تاپتىڭلار دېدى. بۇنداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيتتى، چوڭ ئىش قىلسا تېلېفوندا ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى تىلەپ بولدى قىلغان بولاتتى. ئەمما بۇ مېنىڭ تاللىشىم، مەن بۇنى ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭ ئاپىسىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىم يوق. مەن مۇشۇ جەرياننى ھەم مۇشۇ تۇيغۇنى ياخشى كۆرىمەن.

جۈپتىڭىزنىڭ كۆپرەك بەدەل تۆلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بېسىم ئىشلەتمەڭ. تەھدىت ۋە بېسىم بىلەن ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا ھەرگىز كۆندۈرەلمەيسىز. ئەڭ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىگە تاللاش ھوقۇقى بېرىڭ. ئۆز - ئۆزىگە خوجا ئىكەنلىكىنى ئۆزى ھېس قىلسۇن.

قەدىرلىكىم، سەۋرچان بولۇش كېرەك. ئۆزگىرىشكە ۋاقىت كېتىدۇ. جۈپتىڭىزنىڭ بىر كېچىدىلا سىزنى خۇشال قىلىۋەتكۈدەك ئۆزگىرىش ياسىشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ. ئۇنىڭغا يېرىم يىل ۋاقىت بېرىڭ، ئاندىن ئۇ سىز ئۈمىد قىلغان تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى توغرىلاۋاتامدۇ، باھالاڭ. ئازراق ئۆزگىرىش كۆرۈلسە، بۇ خۇشاللىنارلىق ئەھۋال.





# ياخشى تەرەپنى ئويلاش

بىز بايام دەپ ئۆتۈپ كەتتۇق، نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئائىلىنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىشقا چىدايدۇ. ئۇلار: «ئۇنىڭغا دەپ يۈرگەندىن كۆرە ئۆزۈملا قىلىۋەتسەم بولمىدىمۇ» دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئورۇنلۇق.

ئەلۋەتتە، ناۋادا جۈپتىمىز بىز بىلەن تەڭ مىقداردىكى ئىشنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، كارامەت ئىش بولغان بولاتتى. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پاكىزە ھەم رەتلىك مۇھىتقا، ئۈستـ- ۋېشى پاكىز بالىغا، تەرتىپلىك ئائىلە ئىشلىرىغا بىزنىڭ مۇتلەق كونترول قىلىش ھوقۇقىمىز بار. خىزمەت يەنىلا بىزنىڭ قولـ- مىزدا تاماملىنىدۇ.





# ئون بىرىنچى جىنايەت   ئۇ سىزنىڭ

## بالىنى ئۆزىڭىز پەرۋىش قىلىشىڭىزنى خالايدۇ

بۇ باپتا گەرچە ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر تەربىيىسى توغرىسىدىكى مەسئۇلىيىتى سۆزلەنسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەھۋاللار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە بىرىپ تاقىلىدىغان ئىككى جىنس مەسىلىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مەن ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى مىسال قىلاي. مېنىڭ ئىككى بالام بار، بىرى بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىردى، يەنە بىرى ئون ئالتە ياشقا بىرىپ قالدى. لىللا گەپ قىلغاندا، باللىرىمنىڭ ئاتىسى گايروي مەيلى ئاجرىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، ئاتىلىق بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەن تولىمۇ بەختلىك ئىدىم. ئەمما، گايروي ئىككىمىزنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن تەگىشىپ قالاتتۇق.

مەسىلەن، ھاۋارايى ئورۇنلىرى بىرىنچى قېتىم سوغۇق ئېقىم كىرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندا، مەن نۇرغۇن ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، ئوغلۇم ئىۋانغا قىشلىق ئاياغ ئىزدىدىم. گايروي بولسا، ئىۋانغا ئاياغ ئېلىپ بىرىشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى، ئۇ ئاياغنى ئىۋاننىڭ ئۆزى بىرىپ ئېلىشىنى ياقىلايتتى. ئەگەر ئىۋان ئاياغ ئالالمىسا، گايروي ئۇنىڭغا: «ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر بالا ئۆزىگە ئاياغ ئېلىشنى بىلمەي پۈتنى ئۇششۇتۇۋالسا ئۆزىنىڭ شورى» دېدى.



قىزىمىز روبى پارچە - پۇرات پۇللىرىنى خەجلەپ بولغان، يېنىدا بىر تىيىن پۇل يوق دىنىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭغا يىگىرمە يۈەن



پۇل بەردىم. چۈنكى مەن قىزىمنىڭ سىرتتا ئاچ قورساق يۈرۈشىگە چىدىمايمەن - دە. ئەمما، ئاتىسى ئۇنداق ئويلىمىدى، ئۇ رويىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىدار كىرىم - چىقىمنى ئىگىلىيەلەيدىغان ۋاقتى بولدى دەپ قارايتتى. بۇ گايروينىڭ بالىغا قاتتىق، مېنىڭ بالىغا ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇھىم نۇقتا شۇكى، گايروي ئىككىمىز ئاتا - ئانىلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا ئوخشاش بولمىغان جىنسىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىمىز. مەن روھىي ھالەتنىڭ پەرقىگە ئىشىنىمەن. بۇ پەرق ئوخشاشلا ئاتا - ئانا بولغۇچى نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلىدۇ.



بىز بىر توپ دوستلار ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق، ئارىمىزدا بىرسى يېڭى ئاپا بولغانىدى. ئۇ بىر ئايلىق بولغان بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، بالىسىنى بەزلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئايال ئېرىنىڭ توختىماي تاماق يەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئايال ھەيرانلىق بىلەن بىزدىن ( بىز دېگەن بىرنەچچە بالىنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالغان ئاياللار ئىدۇق ) : « مەن بالىنى كۆتۈرۈپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرسەم، ئۇ نېمىشقا قورسىقىنىڭلا غېمىدە قالىدۇ ؟ » دەپ سورىدى. بىز ئۆزئارا كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ تەڭلا : « بۇنىڭغا پات ئارىدا كۆنۈپ كېتىسىز » دېدۇق.



مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز بارلىق ئانىلارنى يەككە ئانا دېسەك بولىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، كۆپلىگەن ئانىلار ( ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي ئاياللار )



يەنىلا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بىللە ئائىلىنىڭ سىرتقى پائا-
لىيەتلىرىنى يالغۇز باشقۇرۇپ كەلمەكتە. جۈپتىمىز
مەيلى قانچىلىك ئىقتىدارلىق ئاتا بولسۇن، « بىۋاسىتە »
تەربىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپى يەنىلا
بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشىدۇ. مەسىلەن، بالا ئېمىتىش، چۈشلۈك
تاماق ئېتىش، ئىش ئۇقمايدىغان بالىلارنى تەربىيىلەش، بالاغەتكە
يېتىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغان پەرزەنتلەرنى يېتەكلەش قاتار-
لىق. ئەرلەر ئاتىلىق رولىنى ۋاقىت بىلەن زېھنىي كۈچىگە ئاساسەن
« تاللاپ » ئالىمىز دەپ قارايدۇ، ئەمما بىزنىڭ ھېس قىلىشى-
مىزچە، بۇ ئاياللارنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىسى.

ھازىر كۆپلىگەن ئاياللار ئائىلىنى مۇستەقىل قولىغا ئېلىپ
بولدى، تارتقان جاپاسى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈچۈن ئۇلار
ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئاتىسى ھەم ئاپىسى بولغان بالا
بەختلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئىككى تەربىيىچى پەرزەنتلىرى ئالدىدا
ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەمما، ئەرلەر
نېمىشقا ئاتىلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ، بۇ ئەھۋالغا يو-
لۇققان ئاياللار ئۇلاردىن قانداق رازى بولىدۇ.

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

ئەرلەرنىڭ ئاتىلىق رولىنى يېتەرلىك جارى قىلالماسلىقىدا،
ئادەتتىكى قاراش ھەمىشە ئەنئەنىۋى جىنس چۈشەنچىسى مۇناسىۋە-
تىدىن ئايرىلالمايدۇ. « ئاياللاردىكى تۇغما ئانىلىق خاراكتېر ئەرلەردە
كەمچىل بولىدۇ » دېيىلگەن قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلچە ئاساسى
يوق. ئەگەر ھامىلىدارلىق تەجرىبىلىرى پەرزەنتلىرىنى بېقىش
مەسئۇلىيەت مەسىلىسىدە ئاياللارنى كۆپ ئاڭلىق قىلىۋېتىدۇ دې-
يىلسە، ئۇ ھالدا بالا بېقىۋالغان ئاياللاردا بېقىۋالغان بالى-
لىرىغا بولغان مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش نەدىن كېلىدۇ؟ بىز





پەقەت مۇنداق دېيەلەيمىز ، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ياكى بالا يېڭىلا تۇغۇلغان ۋاقىتتا ، ئاياللار پەرۋىش قىلغۇچى- نىڭ رولىنى ئويناشقا مايىلراق كېلىدۇ. خوتۇنى يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەرلەرنىڭ تولىسى دەرھال ئىشقا چۈ- شۈپ كېتىدۇ، كۆپلىگەن ئاياللار بالىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئۇزاقراق دەم ئالىدۇ ، ھەتتا بالىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىش ئۈچۈن خىزمىتى- دىن ئىستىپا بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ناھايىتى ئاز ئەرئۆزى چوڭ بولۇش جەريانىدا ئاتىسى ۋە ياكى چوڭ دادىسى ئوينىغان رولنى كونكرېت تەسۋىرلەپ بېرەل- مەيدۇ. بالا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئاز سانلىق ئاتا - ئانىلار تەڭ ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ « ھەمكارلىق شەكلى » دە كۆپىنچە ھاللاردا « زىيادە » ياكى « تەلەپكە يەتمەسلىك » تەڭ ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

بىرسى، ئەنئەنىۋى « ئاتا تەلەپچان، ئانا مېھرىبان » . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئانا پەرزەنتلىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل، ئاتا ئائىلىدە « تەرتىپ ساقلىغۇچى » بولىدۇ. بىز بەزىدە: « ئاتاڭلار كەلگەندە ، ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولۇپ ئولتۇ- رۇڭلار » دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز . بۇ بىر قورقۇتۇش ئۇسۇلى. بۇ بالىلارنىڭ ئانىسى ئالدىدا ئىسيان كۆتۈرەلەيدىغان، ئاتىسى ئالدىدا موللام مۈشۈك بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالدىن بېشارەت بېرىدۇ.

يەنە بىرى، « ئاتا مېھرىبان، ئانا تەلەپچان » بولۇش. بۇ شەكىل ھازىرقى جەمئىيەتتە خېلىلا ئومۇملىشىپ قالدى. ئانا ئائىلىدە تۈرلۈك تۈزۈملەرنى بېكىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال چىش چوتكىلاش، ئۆينى پاكىزە يىغىشتۇرۇش، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇش، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قاتارلىق. بالىلار ئاتىسىنى ئانىسىنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن پاناھلىنىدىغان پاناھگاھ قىلىۋالىدۇ. ئاتا پوزىتسىيە جەھەتتە بالىلىرىنىڭ





ئاپىسىنى قوللاپ: « ئاناڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار ! » دېگەن ھالەتتىمۇ، شەنبە كۈنلىرى بالىلىرىنى ئوينىغىلى ئېلىپ چىقىپ، يۈزى يورۇق بولۇۋالىدۇ، ئاپا بولسا بىر ھەپتە يامان ئاتلىق بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

بىز ھامىلدار بولغاندىن باشلاپلا بالا بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىۋالىمىز، جۈپتىمىز بۇ ئىشتا ئۆزىنى ئوشۇقچە ئادەم ھېسابلايدۇ. بىزنىڭ بۇنداق مەقسىتىمىز يوق، بىراق بىز بەك جىق ئىشنى ئۆز ئالدىمىزغا تارتىۋېلىپ، جۈپتىمىزنى بىز ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ قىلساقمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيمىز، دېگەن قاراشقا ئەكېلىپ قويىمىز. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بالا پەرۋىشى خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ قويىمىز ياكى ئۇلارنى ئەيىبلەپ كېتىمىز. مەسىلەن، مەن بالىنىڭ سۈيدۈك لاتىسىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان ئاتىنىڭ قولاشمىغان ھەرىكىتىنى كۆرۈپ خانىمىنىڭ: « ھەي، بەك چىڭ ئۇرۇۋەتتىڭىز ! » دېگەن پېتى بالىنى ئېرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانلىقىنى كۆرگەن. بۇنداق پوزىتسىيە ئالدىدا، ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئوشۇقچە ئادەم سانىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ناۋادا، بالىمىزنىڭ جۈپتىمىز بىز ئۈمىد قىلغاندەك ئاتىنىڭ رولىنى ئوينىيالىسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، بىز ئاستا ئۆزىمىزنى تارتىمىز.

بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزگە بولغان مۇناسىۋىتىمىز جۈپتىمىزنىڭ ئىشتىراك قىلىش نىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز دەسلەپ ئانا بولغاندا، بىزنىڭ بوۋىقىمىز بىلەن بولغان مۇنا-





سىۋتىمىز شۇنداق يېقىن بولىدۇ. جۈپتىمىز دائىم ئۆ-
زىنىڭ سىرتتا قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىز بىلەن
بولغان بۇرۇنقى يېقىن مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئا-
مالسىز قالىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت
پەرزەنتلەرنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى چوڭقۇرلايدۇ،
جۈپتىمىزنىڭ بۇنداق مۇناسىۋەتكە قېتىلىش نىيىتى بارغانسېرى
سوۋۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «ئاتىسى خىزمەت بىلەن ئالدىراش
بولۇپ كېتىپ كەچ قايتىدۇ» دەيدىغان ئويۇن تەكرارلىنىدۇ.

بىز بالا پەرۋىش قىلىش خىزمىتىدە «پەرزەنت پەرۋىشى نوپۇزى»
رولى بىلەن ئۆزىمىزگە تەمەننا قويساق، جۈپتىمىزنىڭ بۇ ئىشقا
بىز بىلەن تەڭ ئىشتىراك قىلىش نىيىتى سوۋۇپ كېتىدۇ. ئاياللار
ئادەتتە ئەرلەرنى بۇ جەھەتتە كالامپاي، ئۆزىگە ئوخشاش تېز ھەم
ياخشى قىلالمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي،
بىز ئېرىمىزگە بالىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشىغا ئاتاپ ئې-
لىپ بەرگەن كىيىمنى بالىمىزغا كىيگۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس
قىلىمىز، كېيىن بالىمىزغا ماتروس كىيىمى يارىشىدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ، ئېرىمىز كىيگۈزۈپ قويغان كىيىمنى سالدۇرۇۋې-
تىمىز، مەقسەتسىز قىلىنغان مۇشۇ ئىش بىلەن ئېرىمىز بىر
قىسما بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن پەرۋىش خىزمىتىگە قاتـ
نىشىش نىيىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟

بىز ھامان ئەرلەرنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى بىز بىلەن تەڭ
ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، لېكىن ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ
ئويغىنىشىنى كۈتۈشتىن مەيۈسلىنىمىز ۋە ئۈمىدسىزلىنىمىز.

بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە خاپا بولىمىز. بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبى،
بىز ئىككى كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى يالغۇز ئۈستىمىزگە





ئالىمىز: ئىككىنچى سەۋەبى، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى، بىزنى ھەم ئائىلىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن باراۋەر.

گەرچە ئەرلەر ئائىلىسىدىكى رولىنى ياخشى ئوينىيالمىسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئائىلىگە ئېتىبار بىلەن قاراش دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەمما، بىز زادىلا چۈشىنەلمەيمىز، بىز كۈندە ھېچقانچە كۈچىمەيلا قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ئۇ نېمانچىۋالا قورقۇپ ئۇزىنى قاچۇرىدىغاندۇ؟ بىز داۋاملىق: «ئۇمۇ ئۇنىڭ قىزىغۇ، مەن نېمىشقا قىزىمنى يۇيۇندۇرۇپ قويۇشنى ئۇنىڭدىن ئۆتۈنىمەن؟» ياكى «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى تۇرۇپ، مەن نېمىشقا ئاشخانىغا بەند بولۇپ قالىمەن. ھەممىدىن بەك خاپا قىلىدىغىنى، مەن جۈپتۈمنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقانداق مىننەتدارلىق ئالامەتلىرىنى كۆرمەيمەن. ئەجەبا ئۇلار بىزنىڭ ھەر كۈنى ئات-ئېشەكتەك ئىشلەپ بەدەل تۆلەۋاتقانلىمىزنى كۆرمەمدىكىنە؟» دېگەن ئاغرىنىشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.



## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

سىز يېڭى ئانا بولسىڭىز، جۈپتىڭىزگە باشتىلا ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈڭ. مەسئۇلىيەتنى تەڭ تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە ئۈستۈڭلارغا





ئېلىڭلار. ئەگەر سىز ئۇزۇن يىللىق بالا بېقىش تەجرى-
بىسىگە ئىگە بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھەم جۈپتىڭىزنىڭ
رولىنى ئازراق تەڭشەش كېرەكمۇ – يوق، قايتىدىن
تەكشۈرۈپ چىقىڭ.

ئاۋۋال، جۈپتىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ، تەربىيە خىزمىتىدىكى رولىڭلارنى ئايرىپ بېكىتىڭلار. ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى تەڭ تەقسىم قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. بىرىڭلار ئادەتتىكى كۈنلىرى بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، شەنبە كۈنى يەنە بىرىڭلار قارىساڭلار ياكى بىرىڭلار كىرىم تېپىشقا، يەنە بىرىڭلار ئۆي ۋە بالىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولساڭلارمۇ بولىدۇ. تەقسىمات مەيلى قانداق بولسۇن، پەقەت ئىككىڭلار قوشۇلغان ھەم مۇۋاپىق دەپ تونۇغان بولساڭلارلا مەيلى.

ئەمدىكى گەپ سۆھبەتلىشىش ۋە ماسلىشىشتا قالدى، قىلغان ئىشلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە كۆپتەك، جۈپتىڭىزنىڭ تۆلىگەن بەدىلى بەك ئازدەك تۇيۇلسا، ئۆز تەسىراتىڭىزنى ئۇنىڭغا سىلىق پوزىتسىيە بىلەن دەڭ. ناۋادا ئۇ مەن سىرتتا جاپالىق ئىشلەيمەن، سىز ئۆيدە ئارامخۇدا ئولتۇرىسىز دېسە، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئېرەن قىلماڭ. چۈنكى ھەر بىر ئانا خىزمەت قىلىۋاتقان ئانىلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا

ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، ئەڭ مۇكەممەل بولغان خىزمەت تەقسىماتى ھەر ئىككىلا ئادەمگە ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ. مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي، سىز بالا ئېمىتىشكە مەسئۇل بولسىڭىز، بالىنى يۇيۇندۇرۇشقا ئۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بالىسىنى ئېلىپ بېرىپ چەۋگەن توپ ئويناشقا خۇشتار بولسا، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، بالىڭىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە نازارەت قىلىدىغان ئىشقا سىز مەسئۇل بولۇڭ.

مۆجىزە يۈز بېرىشتىن ئۈمىد كۈتمەڭ. ئۇنىڭ بىر كېچىدىلا
نەمۇنىلىك ئەر بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇنى ئاستا يې-
تەكلەڭ، مەدەت بېرىڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ كونكرېت نىمە





قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنسۇن.

بۇنىڭدىن باشقا، سىز جۈپتىڭىزنى ئائىلە پائالىيەتلىرىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشىڭ. بىز ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى بوش ئورنىغا بەك ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئائىلىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى بېكىتكەندە، ئۇلارنىڭ ( ياكى ۋاز كېچىمىز ) پىكرىگە سەل قارايمىز. ئەمما، مەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، ناۋادا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا بولغان يېتەكچىلىك رولىمىزنى قانچىلىكى بوشاشتۇرۇپ قويساق، جۈپتىمىز ئائىلە ئىشلىرىغا شۇنچە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ ۋە ئىپادىسى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئەرلەرنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەشكە قانچە قويۇپ بەرسەك، ئۇلار ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى شۇنچە تېز ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقىڭىزنى ۋاقتىنچە يۇتۇپ، ئۇنى ئىمكان بار ئائىلە ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇڭ ياكى ئائىلە پائالىيەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەڭ. مەسىلەن، بالىسىنىڭ مەكتەپتىكى پائالىيەتلىرى قايسىلار، جۈپتىڭىز بۇنى بىلسۇن، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر تەرەپ قىلسۇن ياكى بالىسىنى يېتەكلىسۇن.

ئەرلەر يېتەكچىلىك قىلىشقا ئامراق. ناۋادا ئاتىلىق، ئوغۇللۇق ۋە ئەرلىك روللىرىدا نەتىجە قازانغان تۇيغۇدا بولسا، ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ ئىلتىماس قىلىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق. ئۇ بۇنىڭسىز ئىشلارنى ياخشى قىلىپ كېتەلەيدۇ.

ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كەمچىل بولسا، ئەرلەر ئۆي ئىشلىرىغا يۈرەكلىك ئارىلىشالمايدۇ، بۇ هالقىلىق بىر مەسىلە، شۇڭا سىز قانداق قىلغاندا ئۆز رولىنى ئاكتىپ هەم ئۇنۇملۇك ئوينىيالايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىڭ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا « يېتەكچىلىك قىلغۇچى » سۈپىتىدىكى مەسئۇلىيەتنى





ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇستىڭىزگە ئېلىشىڭىز
زۆرۈر.

سىز: « قەدىرلىكىم، جىمنى چاڭغا تېيىلىشقا ئا-
پارغۇچە بىر پايپاقنى ئارتۇق كىيگۈزۈڭ. قولقاپ كىيگۈ-
زۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ! » دېسىڭىز، ئېرىڭىز بۇ گەپنى: « ۋۆي
ئەخمەق، سىرتتا سوغۇق سىلسىيە يىگىرمە گرادۇستىن تۆۋەن
تۇرسا، مۇشۇ سوغۇقتا جىمنى سىرتقا ئەچىقامسەن؟ » دېگەن
مەزمۇندا ئاڭلىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى يوقىتىش ئۇچۇن، تەلەپپۇزى-
ڭىزنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دەڭ: « قەدىرلىكىم، جىمنى چاڭغا تې-
يىلىشقا بىللە ئاپىرىدىغانلىقىڭىزغا رەھمەت. ئۇنى قېلىنراق
كىيگۈزۈشنى ئۇنتۇماڭ » ئاندىن ئىچىڭىزدە جۇپتىڭىزنىڭ ئە-
قىل - پاراستىنى جارى قىلىپ، جىمنى قېلىنراق كىيىندۈرۈ-
شىنى تىلەڭ. جۇپتىڭىز ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۆپ
ئۇستىگە ئالالامدۇ، ئالالامدۇ ھەم بالىسى بىلەن يەنىمۇ يېقىن مۇ-
ناسىۋەت ئورنىتالامدۇ - ئورنىتالامدۇ، بۇ ئۇنىڭ سىزنىڭ دېگى-
نىڭىزدىكىدەك ئىش قىلىش - قىلماسلىقىدىن كۆپ مۇھىم.

سىز يۇقىرىدىكى تۇرلۇك ئامالالارنى ئىشلەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ
يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسەۋەرسە، مۇنداق بىر قەتئىي، ئەمما ئۇ-
نۇملۇك بىر ئۇسۇل بار: ئۆي ئىشىنى تاشلىۋېتىڭ، ئۇ ھامان ئائىلە
مەسئۇلىيىتىگە يۈزلەنمەي تۇرالمايدۇ. ئېرىڭىز ھەقىقەتەن گەپ
ئاڭلىمىسا، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئۇلگىلىك ئانا بولۇشقا مەن رازى
دەڭ. جۇپتىڭىز بۇگۇن بالىسىغا ۋە سىزگە قانداق پوزىتسىيىدە
بولسا بولسۇن، ئۇ كېيىن بۇنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. ئۇ ئاخىرى ئۆ-
زىگە ۋە بالىسىنىڭ ئالدىدا، مەن زادى قانداق بىر ئاتا بولدۇم دېگەن
سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇپتىمىزنىڭ يۇ-
كىنى بىز بىلەن تەڭ كۆتۈرۈشكە ۋە بىزنى قوللىشىغا قاراپ قال-
ماسلىقىمىز كېرەك. بالا باققۇچى تەكلىپ قىلىشىمىز،
جۇپتىمىزگە: « ھازىر قولۇم بوش ئەمەس » ياكى « ھازىر





بولمايدۇ، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ » دېسەك بولىدۇ. كىم ئۇزىگە كېچىچە ھەمراھ بولدى، شەپەرەڭ شەكىللىك كەيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىكى ماگىزىنلارنى ئالا قويماي كىم ئايلىنىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ دەردىگە كىم قۇلاق سالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بالىلار بىلىدۇ. ئۇلار ئاتىسىنى يەنىلا ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېنىدا تۇرغان ھەم ئۇلارنى قوللىغان كىشىنىمۇ ئۇلار بىلمەي قالمايدۇ.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

بىز گەرچە جۇپتىمىزنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا تازا كىرىشىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنساقمۇ، ئەمما شۇ نەرسىنى ئىنكار قىلالمايمىزكى، « يەككە ئانا بولغۇچى » ئۈچۈن، بالىلىرى بىلەن يالغۇز بىللە بولۇش تۇيغۇسى ھەقىقەتەن ياخشى. بالىلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقىت بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت رىتىمىمىز جۇپتىلىرىمىزنىڭ كاشىلىسى بىلەن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. جۇپتىلىرىمىزدىن ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش توغرۇلۇق كۈتكەن ئۈمىدىمىز بىلەن سەرپ قىلغان ئەجرىمىز ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭ بىر نۇقتىنى تېپىش، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال.





# ئون ئىككىنچى جىنايەت ئۇ ئۆزىنىڭ تەسراتىنى يوشۇرىدۇ

سىز ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئويلاندىڭىز ، ئەڭ قەدىناس دوستىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ پسىخىكا دوختۇرىڭىز ، شۇنداقلا گېپىڭىزنى ئاڭلاشنى خالايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلدىڭىز. سىز ئېھتىيات بىلەن پۇرسەتنى ھەم ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۆلچەرلەپ ، ھەتتا ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ رەپتىس قىلىپمۇ باقتىڭىز ، ھەتتا يۈرىكىڭىزنى سىيرىۋەتمەكچىمۇ بولدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، يۈرىكىڭىزنى قاتتىق تۇتقان ھالدا: « قەدىرلىكىم، بىز پاراڭلاشمىساق بولمىدى » دېدىڭىز.

مۇبارەك بولسۇن! مۇشۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىشى بىلەنلا سىز ئوڭۇشلۇق ھالدا بۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئايال باش قەھرىمانى بولۇپ قالدىڭىز.

بۇ ئەرلەر مەيلى ئون يەتتە ياش ياكى ئوتتۇز يەتتە ياش بولسۇن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئوغۇللار ۋە ئەرلەر ھېسسىيات توغرىسىدىكى پاراڭلاردىن بىزار بولىدۇ، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭىلارغا ئالاقىدار بولغان جىددىي پاراڭ تېمىسىدىن.

ئەجەبا ئۇلار يېقىن مۇناسىۋەتتىن شۇنچىلىك قورقامدۇ ؟ ياكى ئۇلار ئون بەش ياشقا كىرگەن قىزىم رويى مەندىن سورىغاندەك: « ئۇلار دۆتمۇ ؟ »

رويى يېڭى ئوغۇل دوستىدىن كەلگەن تېلېفوننى ھېلىلا غەزەپ بىلەن قويۇۋەتتى. ئۇ ئوغۇل بالا ئاخشام رويىغا ئۆزىنىڭ ئۆلمەس مۇھەببىتى توغرۇلۇق سۆزلىگەن. ئەمدى بولسا ئۇ رويىغا: « ئۆزىگە ئازراق بېسىم بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ





باسقۇچلۇق مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئۆزىدە تېخى روھىي تەييارلىق يوقلۇقى » نى تېلېفون ئارقىلىق دېدى . ئەتە كەچتە بولىدىغان سىنىپ تانسىسىغا كىيىپ بېرىش ئۈچۈن ، رويى بىرىنچى قېتىم پارچە - پۇرات پۇللىرىنى يىغىپ ، قارا ، ئۇزۇن مۇراسىم كىيىمى ئالغانىدى ، نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى. بۇ باسقۇچتىكى « ئۆلمەس مۇھەببەت » رويى ئۈچۈن بەك قىممەتكە توختىدى.

ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا رويى بىلەن پاراڭلىشىشنى رەت قىلىشى رويىنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. مەن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، رويى تېلېفوندا بىز تولا دەپ زېرىكىپ كەتكەن گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. بۇ زادى قانداق سۆزلىشىش ؟ رويى بۇ بالىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۇيغۇسىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى ( بۇ بىرىنچى خاتالىق ) ، ھېلىقى بالا تېلېفوندا سۆزلىشىشتىن ئىمكان بار ئۆزىنى تارتىۋاتاتتى. لېكىن، رويى كۆپ سانلىق ئاياللارغا ئوخشاش تېلېفوننى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. « تۇيغۇڭىزنىڭ قانداق بولۇشى بەربىر » ئۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتچى خادىمىدەك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كاپالەت بېرىۋاتاتتى ( بۇ ئىككىنچى خاتالىق ) .



مەن شۇ تاپتا، ئۇ بالىغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، ئەكسىچە، رويى بولسا ئۇنىڭ تېلېفوننى قويۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يېقىنچىلىقىنى، سەۋرچان ھالىتىنى ساقلاۋاتاتتى.





« ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولۇشنى ياقتۇ-رامدۇ ؟ » رويى دوستى بىلەن بىللە مېنىڭ كارىۋىتىمدا يېتىپ مەندىن شۇنداق سورىدى . ئۇلار مېنىڭ كونكرېت جاۋاب بېرىشىمنى كۈتەتتى . مەن قىزىمغا ، يېقىن مۇنا-سىۋەتنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ سەل - پەل جىددىيلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى دېگەنىدىم .

ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىشىگە ياكى مۇشۇنداق كىچىك ھەم سەزگۈر يېشىدا مۇشۇنداق رېئاللىقا يۈزلىنىشىگە پەقەت چىدىمىدىم . بۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئانا بولغۇ-چىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى ، ئۇ ھەقىقىي كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ جىددىي مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ، زىيادە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش زۆرۈر ئىدى .

بايامقى ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى مېنى قاتتىق ئەپسۇسلان-دۇردى . ئەرلەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ساغلام بولغان بىر مەز-گىللىك ھېسسىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ، دېگەننى ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەممۇ قىزىمغا سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرىمەن ھەم ئۇ-نىڭغا كاپالەت بېرىمەن .

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ، مېنىڭ تەجرىبىلىرىمدىن ئۇمۇ سا-ۋاق ئېلىشى كېرەك . مېنىڭ تەجرىبىلىرىمدىن شۇ نەرسە ئايانكى ، ئاساسەن ئەرلەر ئۈچۈن ھېسسىيات ۋە مەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىن-لىك گەپلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىش كۆڭۈلسىز ئىش .

ناۋادا ئۇلار راستچىللىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىيات مەسى-لىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە سۆزلەشكۈسى يوقلۇقىنى دېسە ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ .

« بولمايدۇ ياكى خالىمايمەن » بۇنداق نەتىجە بىزگە كېرەك ئە-مەس ، ئەلۋەتتە ، لېكىن بۇ بىر باشلىنىش . ئادەتتە ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان ئىنكاسلار تۆۋەندىكىدەك :





**ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىزدەك پوزىتسىيىدە بولۇش** ئۇ سىزگە بىر دەم زەن سېلىپ قارىشى، ئاندىن تۇيۇقسىز قايتۇرىدىغان مۇھىم بىر تېلېفون بارلىقىنى ئويلاپ تې- پىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئەھۋال- دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى ئويلاپ تېپىش- تىن ئايانمايدۇ.

**ئەبلەخلەرچە پوزىتسىيىدە بولۇش** يامان تىللارنى بولۇ- شىچە ئىشلىتىپ سىزگە زەربە بېرىدۇ، دىلىڭىزنى شىكەس- تىلەيدۇ.

**ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش** ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، سىزنىڭ ئىپادىلەش تۇيغۇڭىزنى باسماقچى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار « سىز بەك سەزگۈر بولۇپ كېتىپسىز » ياكى « سىز يامان جىددىيلى- شىپ كەتتىڭىز » دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدۇ.

**نوپۇزلۇق قىياپەتتە بولۇش** ئۇ سىزگە « ئۇنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق » قا بۇيرۇيدۇ. مەن بۇ گەپنىڭ زادى نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى ئەزەلدىن بىلمەيمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئەخمىقانە قىلىقلىرىنىڭ بىرى. ئالدى بىلەن، ئۇ ھېسسىيات جەھەتتە سىز بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلايدۇ ياكى گەپ بىلەن سىزنى خورلايدۇ، ئاندىن كېيىن، ئۇ سىزگە بۇ ئىشلارنىڭ سىزگە قارىتىلمىغانلىقىنى دەيدۇ.

**ئىتائەتمەن پوزىتسىيىدە بولۇش** بۇ گەپتە مازاق قىلىش مەنىسى يوق، ئەمما كۆپ سانلىق ئەرلەر بىزنىڭ مەسىلىمىزنى تەكلىپ بېرىش ياكى باشقا ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىش ئارقىلىق « ھەل قىلماقچى » بولىدۇ. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساقلا بولىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئاغرىمىزنى ئېتىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭۇشلۇق چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ كەم ـ چالا يەرلىرىمىزنى « تولدۇرۇش » قا ئۇرۇنىدۇ.



**خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش** بۇ ناھايىتى ئەپچىل



يوشۇرۇش ئۇسۇلى. سىز غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەلۇم ئىشىدىن رەنجىگەنلىكىڭىزنى دېگەن چېغىڭىزدا، ئۇ سالپىيىپ خىجىل بولغان ھالدا: «سىزنىڭ توغرا، مېنىڭ خاتا» دەيدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئۇ بۇنى سۆھبەت تۈگىگەنلىكىدىن بېرىلگەن بېشارەت دەپ بىلىدۇ.

**گەپ بىلەن قورقۇتۇش** ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بىردىنلا جۇپتىمىزگە ناھايىتى كەسكىن بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇ بەك ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ بەلكىم: «بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىڭىزغا رەھمەت. پاراڭلاشساق، بۇنىڭ پايدىسى بولارمۇ؟» دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ناخۇش تەلەپپۇزدا: «بىلەمسىز، بىز ۋاقتىمىزنى مەسىلىمىزنى تەھلىل قىلىشقا سەرپ قىلىۋەتسەك، ئۇنداقتا مەن سىزگە .... » دېيىشى مۇمكىن.

مەن ئەرلەرنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ پاراخوتنىڭ دېڭىزدا سىلىق مېڭىشى بىلەن دەھشەتلىك دولقۇنغا تەۋەككۇل قىلىشىنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. بىز بەزىدە ئەرلەر بىلەن چىرايلىق تەكشى قەدەم ئېلىش ھالىتىدە، يەنە بەزىدە يامان ئەھۋالغا يۈزلىنىش ھالىتىدە تۇرىمىز. «جاپا - مۇشەققەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتتە بىللە بولۇش» ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟

ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىكى پەزىلەتنى ھەقىقىي ئۆلچەش - دەم ئېلىش ياكى شېرىن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىقتىدارىغا باغلىق ئەمەس، بۇ مۇشكۇللۇك ئالدىدا يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، مۇشكۇلنى ئوڭۇشلۇق يېڭىش - يېڭەلمەسلىككە، تەجرىبىلەردىن ئورتاق پايدىلىنىپ، تەڭ چوڭ بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق.





بىز ئەمدى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ناھايىتى ئاسان توقۇ-
نۇشۇپ قالىدىغان گىرەلەشمە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمىز:
نۇرغۇن ئاياللار جۈپتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىيات مەسى-
لىسى ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ئويلايدۇ ھەم شۇنىڭغا موھتاج بو-
لىدۇ. بىز جۈپتىمىزگە ھېسسىياتىمىزنى ئىزھار قىلغان چاغدا،
ئۆزىمىزنى ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ بىخەتەر ھېس قىلى-
مىز. بىز جۈپتىمىزنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز،
لېكىن قېرىشقاندەك ئىشلار ئىرادىمىزنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ...
شۇنىڭ بىلەن، قىيىن مەسىلە تۇغۇلىدۇ، بۇ ئاخىرى بېرىپ ھوقۇق
تالىشىش كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ.

پاكىت شۇنداق: ھەرقانداق بىر ئېلىشىش داۋامىدا، خاراكتې-
رىنى ئاسان ئاشكارىلاپ قويىدىغان ئادەمگە قارىغاندا سۈكۈت قىلى-
دىغان ئادەم ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. قىياس قىلىپ بېقىڭلار، بىز
قايسى تېپقا مەنسۇپ؟ بىز سىمدا قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتقان،
ئەرلەر بولسا يەر يۈزىدە بىمالال تۇرغاندا بىز ئاللىقاچان ناچار
ۋەزىيەتتە قالغان بولىمىز.



باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز
ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي كەيپىياتىمىز-
نى ئاشكارىلايمىز، لېكىن ئەرلەر
بىزنىڭ ھوقۇقىمىزغا دەخلى - تەرۇز
قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇلار قىزىقماسلىق، مازاق قىلىش
پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن
ياكى كەيپىياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە
قاراپ بىزگە پەرۋا قىلماسلىقىمۇ ئېھتىمال. ئەمەلىيەتتە،
ئۇلار يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق توقۇنۇش،





قارشىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇچۇن، ھەر خىل ۋاسى-
تىلەرنى قوللىنىپ بىزنىڭ ئاغزىمىزنى تۇۋاقلايدۇ.
مەن ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتى كۈچلۈك دولقۇنلاۋاتقان
ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆز ھېسسىياتىغا سەل قارىشىدىن بەكمۇ قور-
قىمەن.

شۇنداق دېيىشكىلا بولىدۇكى، ئۇلار مەلۇم تۇردىكى ماشىنا ئادەم
ياكى ماشىنىغا تايىنىپ ياشاۋاتقان ئادەم بولسا كېرەك. ئۇلار مەيلى
نېمە بولسۇن، ئەر كىشى ئۆز ھېسسىياتىنى ئادەم ھەيران قالغۇدەك
يوشۇرالايدۇ، ئىنكار قىلالايدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلەيدۇ. بۇ
ئۇلار ئۇچۇن دەرۋەقە بىر ياخشى ئىش. ئەمما، بۇ ھال بىزگە مەغ-
لۇبىيەت ۋە تەھدىت ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاياللار ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئىنتايىن ماھىر،
مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، بىز ھەمىشە ئالاقىدار گەپ - سۆزلەرنى
قوزغاشنى ئويلايمىز. ئەرلەر بۇ تەشۋىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىز
بولساق، جۈپتىمىزنىڭ يۈرىكى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ يۈرىكىمىز
بىلەن باغلانغانلىقىنى ھېس قىلىش ئۇچۇن، جۈپتىمىز بىلەن ئۆ-
زىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىمىز.
ئۇلار بۇنىڭغا كۆڭلىدە مەيلى ئۇنىسۇن ياكى ئۇنىمىسۇن بەرىبىر.
ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ھەرقانچە ئوبدان ۋە ھەرقانچە
كۆيۈمچان ئەر بولسىمۇ، ئايال كىشى يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى
توغرۇلۇق گەپ ئاچسا، شۇ ئەرنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ.

لېكىن، مەن يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش ھېسسىيات
جەھەتتە جۈپتى بىلەن يەنىمۇ ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىغا
ئىشىنىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار نېمىشقا بىزنى
مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا قالدۇرغۇدەك؟





# ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

چۈنكى ئۇلار قورقىدۇ. ئۇلار ئىچكى « ھېسسىيات » توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى دېگەن گەپنى ئاياللار بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلىشىش مەقسىتىدە قوزغايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەرلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەر بىر قېتىملىق سۆھبەت بىر جەڭ. « پاراڭلىشايلى » دېگەن ھەربىر ئېغىز گەپ ئۇلارنى گويا ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ قويغاندەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قارىشىمۇ بىر ھېسابتا خاتا ئەمەس. چۈنكى بىز پاراڭلىشىش داۋامىدا ھامان سەلبىي قىسىمىنى كۆپرەك تەكىتلەپ، ئىجابىي تەرەپنى تەكىتلەشكە سەل قارايمىز.

ئەرلەر زادى نېمىدىن قورقىدۇ؟ ئۇلار ئىككى جىنس مۇناسىۋەتىدىكى مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشتىن، جۈپتىگە سەمىمىي بولۇشتىن، ئۆزىنىڭ نائىلاج تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا قانداق ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ راستچىللىق بىلەن ئۆزىگە يۈزلەنگۈسى يوق.

جۈپتىمىزنىڭ مەسىلىلەر توغرۇلۇق سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇلار بۇنىڭ بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ، ئۇلار بىر بولسا يارىلىشىدىن گاراڭ يارالغان، بىر بولسا ھېسسىيات مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش پوزىتسىيىسى ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەس.

# بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟



تولىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق. بىز جۈپتىمىز بىلەن ھەرقانداق ئىشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى بەكلا



ئويلايمىز ، لېكىن ئۇلار قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئەمدى بىزگە توختاپ قالىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئۆزىڭىزگە ياخشىراق مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مۇنداق دېگەنلىك ، سىز پەيتنى ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى ئېھتىيات بىلەن تاللاڭ. بۇنىڭدا تېخىمۇ كۆپ جاۋابقا ۋە قوللاشقا نائىل بولالايسىز. دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى تۆۋەنلەيدۇ. بىز ئۆزئارا قاراشلىرىمىزنى ئىپادىلەشكە شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىمىزكى ، بىزگە بىر تەرەپتىن ھەممە ئىشلار بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى مىڭ بىر جاپادا تارتقان تۇرساق ، ئۇلارنى نېمىشقا ئۇنداق ئاسان قويۇۋېتىمىز ؟ دېگۈمىز كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ، ئۆزىمىزگە قالدۇرغىنىمىز قانچە كۆپ بولسا ، ئۇلار بىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىمىزنى بىلىشكە شۇنچە قىزىقىدۇ . مەن شۇنداق دەيمەنكى ، سۈكۈت كۈچلۈك قورال . ئەپسۇسكى ، بۇ قورالدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئاياللار تازا بىلىپ كەتمەيدۇ. بىز راستتىنلا غەزەپلەنگەن ياكى روھىي جەھەتتە ئۇزۇل - كېسىل زەربىگە ئۇچرىغان چاغدا ، ئاندىن سۈكۈتنى تاللىۋالىمىز .

شۇڭا بىز قانداق ۋاقىتتا ئۈچۈق - ئاشكارا بولۇش ، قانداق ۋاقىتتا زۇۋان سۈرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا ، « ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش » بۇنىمۇ ئاياللار جەزمەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك. بىز كۆپ ھاللاردا بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىمىز ، خۇددى جۈپتىمىز بىزنى « بىكاردىن ئالدىرايدىغانلار » دېگىنىگە ئوخشاش. بىز بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ياكى بۇرۇقتۇرۇم ھالەتتە تۇرۇپ قالغاندا ، ھەمىشە چىدايمىز . ئەمما ، ھەرقانچە ئالدىرىغىنىمىز بىلەن جۈپتىمىزنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا شۇنچە ئامالسىز قالىمىز .





مەن سىزنى مەيدانىڭىزدىن ۋاز كېچىپ، ھەممە ئىشقا سۈكۈت قىلىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن. باشقا بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىز مۇۋاپىق دەرىجىدە سىرلىق بولۇڭ. ياخشىسى ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان مەخپىيەتلىكنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، جۈپتىڭىزنىڭ ئالدىدا خالىغانچە ئاشكارىلىماڭ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلسە، بۇ باشقا گەپ. بىز ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى ساقلاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

بىز جۈپتىمىزنىڭ ساداسىنى كۈتىمىز، چۈنكى ئۆزىمىزگە بېرىلگەن باھانى جۈپتىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ يارامسىز تەرەپلىرى جۈپتىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغان تەقدىردىمۇ، بىز بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز.

بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئەرلەرنىڭ جىددىي پەيتتە مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، بىز ئاياللار ئۆزىمىز ئىپادىلىگەن كەيپىيات ۋە گەپ - سۆزلەرگە بەكمۇ دىققەت قىلىمىز. بىز مانا مۇشۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز. بىز بىلەن جۈپتىمىز ئارىسىدىكى بۇنداق يىراقلىشىشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق! بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك ؟

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن مەن باشتا دەپ ئۆتۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىڭ. ھېس - تۇيغۇمىزدىن جۈپتىمىز بىلەن قاچان تەڭ بەھرىمەن بولۇش،





قانداق ۋاقىتتا سۈكۈت قىلىش كېرەك، بۇنى بىلىش ئۇ-
چۇن ئەقىل - پاراسەت بولمىسا بولمايدۇ.

ئۆزىڭىزنىڭ «ھېس - تۇيغۇسى» نى ئوتتۇرىغا قو-
يىدىغان پەيت كەلگەنلىكىنى سەزگەن بولسىڭىز، ئىمكان
بار ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇق سۆزلەشكە تىرىشىڭ.

ئاياللار ئۆزىنىڭ ئىچكى تەسىراتىنى مۇكەممەل ئىپادىلەشكە نا-
ھايىتى ماھىر كېلىدۇ. سەۋەبى ۋە نەتىجىسى توغرۇلۇق بىرەر
ئېغىز سۆزنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايدۇ. بىز بۇنىڭلىق بىلەن جۈپتى-
مىزگە ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلىپ قويىمىز. گەپ شۇ يەر-
دىكى، بىز گەپنى قانداق توختىتىشنى بىلمەيمىز. بىزگە ئىشلارنى
ئېنىق دېيىش، ئۆزىمىزنى ئاقلاش زۆرۈردەك تۇيۇلىدۇ. مىسال
ئارقىلىق پاكىت سۆزلەش مەيدانىمىزغا نىسبەتەن يەنىمۇ پايدىلىق.
بۇلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! ئەڭ بىۋاسىتە تەسىراتىڭىزنى سۆزلە-
سىڭىز، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەڭ ياخشى بىر جۈملە سۆز، مە-
سىلەن، «ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا ئەيىبىمنى دەپ مېنى بەك ئوسال
قىلىپ قويدىڭىز» دېگەندەك گەپلەر مەقسىتىڭىزنى ئوچۇق بىل-
دۈرەلەيدۇ.

سىز ئىچكى تەسىراتىڭىزدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن
بولسىڭىز بولىدۇ. ئۆزۈمگە ئايان، مەن ئاياللار دوستلۇقىنىڭ مۇ-
ھىملىقىنى تەكرار - تەكىتلەپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى بۇ
بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك تۈۋرۈك. ھەر قېتىم
باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلگەندە، بىرىنچى بولۇپ يادىمغا ئا-
چا - سىڭىللىرىم كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلارسىز قانداق ياشاي-
دىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

ئاچا - سىڭىللىرىمىزدىن باشقا بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇر-
غۇن كىشىلەر بار. مەسىلەن، ئاپىمىز، پسىخىكا دوختۇرىمىز ۋە
خىزمەتداشلىرىمىزغا ئوخشاش كىشىلەر. ئۇلارمۇ ئوخ-
شاشلا بىزگە مەنىۋى مەدەت بېرەلەيدۇ. قەيەردىن ئەڭ





ئېھتىياجلىق ياردەمگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بىز ئۆزىمىزگە ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى ھەم ئەڭ ياخشى دوست بولالايمىز. تەسىراتىمىزنى ئىگىلىيەلىسەك، ئۆزىمىزنى تونۇساق، تەسىراتىمىزدىن جۇپتىمىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىدىن غەم قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى تەسىراتىنى قانداق ئىپادىلەشنى راستتىنلا بىلمەيدۇ. كالىنى يېتىلەپ موسكۋاغا ئاپارغان بىلەنمۇ، ئۇ يەنىلا كالا. بۇنى سىز بىلىسىز.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

تەسىراتنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ.

بۇنىڭ مەن ھېس قىلغان ئەڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، كەيپىياتنى چۈشەنچىسى يېتەرسىز ياكى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان كىشىگە ئىسراپ قىلىۋېتىشنىڭ ماڭا ھاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمنى چۈشىنىشىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى.

شۇڭا، مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە: « مېنىڭ ھېس - تۇيغۇم تولىمۇ قىممەتلىك، ئىچكى دۇنيارىمدىن ھېس - تۇيغۇمنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالايمەن » دەيمەن. سىزمۇ سىناپ كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى بەكمۇ ياخشى.





# ئون ئۈچىنچى جىنايەت ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ

ۋەدە بەرمەك ناھايىتى ئاسان ئىش. ئاياللار قوللانغان قاتتىق ۋە يۇمشاق ۋاستىلەر ئالدىدا ھەر قانچە جاھىل ئەر كىشىمۇ ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرە-لەيدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بىز تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىمىز. مەسىلەن، بەدەن ئېغىرلىقىمىزنى ئون بەش پۇت چۈشۈرۈش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تاماق-تىن چەكلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىمىز. سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئەرلەر تەھدىت ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىگە ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاپا قىلامدۇ؟

ئادەتتە ئۇلارنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقىنىڭ ئۇسۇلى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇ پەقەت ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەيدۇ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاپ قويمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۇ بىر كۈن، ئىككى كۈن، بىر ھەپتە قاراپ باقىدۇ، لېكىن ئاخىرى يەنە كونا كېسىلى قوزغىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ ۋەدىسىدە تۇرۇشقا ناھايىتى تىرىشىدۇ، لېكىن سىز ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ ياكى ئۇنىڭ ئېسىغا سېلىپ تۇرمىسىڭىز، ئۇ خېمىغا يېنىپ كېتىشى مۇمكىن.

ۋاپاسىز ئەرلەرنىڭ دەردى ئاياللار يولۇقىدىغان ئەڭ چىگىش مە-سىلىلەرنىڭ بىرسى بولۇشى ئېھتىمال.

ھەر قېتىم جۈپتىمىز بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئالدانغانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ مۇناسىۋەتتە-مىزگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.



ئۇلار قىزغىنلىقىنى ئۈچ مىنۇتقىچە ساقلاپ يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسىسە، بۇ بىز ئۈچۈن يەنىمۇ ئېغىر ھەسرەت



بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بىزنىڭ چىن كۆڭلىمىزدىن كۈتكەن باشتىكى ئۈمىدىمىز ئاخىرى بىرىپ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىز جۈپتىمىزنىڭ سەمىگە سىلىپ ياكى ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرساق، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولىدىغان بولسا، بىز «ئانىلىق» ياكى «نازارەتچىلىك» رولىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقتا ئالاقىدار مۇنداق بىر شەكىل بار: ئۇ ۋەدە قىلدى، ۋەدىسىنى بۇزدى، كەچۈرۈم سورىدى، ئاندىن مۇشۇ جەرياننى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. بۇ يەردە مۇكەممەل بىر مىسال بار:

ئاننا ماك ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتتى. ماك ئەقىللىق، ئەدەپلىك، مۇلايىم ھەم ھېسسىياتچان ئىدى، لېكىن ئۇ ھاراق ئىچىۋالسا ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالاتتى.

ئاننا ئۇنىڭ ئىچكۈلۈككە بېرىلىش ئادىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئايدىڭلاشتۇردى. ئاننا ماكنىڭ ھاراق ئىچىۋالسا قوپال ھەم ئۆكتەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى.

بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاننا ماكقا ئۇ ھاراق ئىچكەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن شۇ كېچە بىرگە تۇرمايدىغانلىقىنى دېدى. ئاننا كۆڭلىدە، ئىشقىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرگە تۇرمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ماكنىڭ سەگەك، ئۆزىمۇ بىرقەدەر خاتىرجەم ھەم كۆڭۈللۈك ۋاقىتىدا ماك بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغانىدى،





ماك ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ماقۇل بولدى.



ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاننا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسە، ماك قولىدا بىر دەستە گۈل، ئازراق راك ۋە ئىچىپ يېرىملاشقان بىر بوتۇلكا شوتلاندىيە ۋىسكىسىنى تۇتقىنىچە ئۇنى ئاشخانا ئۆيدە ساقلاپ تۇراتتى. ئاننا ئۇنى شۇ زامان ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاننا ئۇنىئالغۇدىن ماكنىڭ سەممىي گەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئالدىڭىزدا ھەقىقەتەن خىجىل. مەن ئىشنى بۇزۇپ قويدۇم. مەن سىزنىڭ مېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئەرزىمەيمەن. مېنىڭ ئىچكولۇك مەسىلەمگە سىزنىڭ بەرداشلىق بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. كېلەر قېتىم بۇ ئىشنى يەنە تەكرارلىماسلىققا كاپالەت بېرىمەن».

بۇ ئىش شۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، ئاننا ئاخىرى ئۇيقۇسىنى ئاچقان. ئۇ قىز دوستىغا: «مەن ئۇنىڭ كەچۈرۈم سوراشلىرىدىن جاق تويدۇم. ماكقا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: توغرا، سىز مەندىن بەك كەچۈرۈم سورايسىز. كېلەر قېتىم سىزنىڭ كەچۈرۈم سوراشلىرىڭىز ئۆزگىرىپ ‹تۈنۈگۈنكى يىغىلىشتا ھاقارەتلەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن› ياكى ‹ئۇرۇپ سالغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن› ۋە ياكى ‹ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەپ قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلىپ ئىككى پۇتىڭىزنىڭ سۇنۇپ دوختۇرخانىدا يېتىشىڭىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن› دەيسىز» دېگەن. «كەچۈرۈم سورايمەن» ياكى «ئەپۇ قىلغايسىز» دېگەن سۆزلەر ھەقىقەتەن كىشى بىلەن كىشى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ، لېكىن كەچۈرۈمنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىش، شۇ سۆزنى ئەسلىي مەنىسىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ.



قارشى تەرەپنىڭ ئەپۇ سوراش ئارقىلىق ئۆز سەۋەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن ئۆزگەرتىشنى خالايدىغانلىقىنى



پەرقلەندۈرۈش كېرەكمۇ ياكى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ ئۆتكۈزىۋېتىش كېرەكمۇ ؟ جۇپتىڭىز ۋەدە بېرىپ بولۇپ يەنە ۋەدىسىنى بۇزۇپ، سىزدىن كەچۈرۈم سورىغاندىن كېيىن، مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىش - ھەرىكەتى ياكى ئىپادىسى ئاكتىپ بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ كەچۈرۈمىنى قوبۇل قىلىشىڭىز بولىدۇ. ئەگەر « ۋەدە بېرىش، ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق، كەچۈرۈم سوراش » شەكلى تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇنىڭ كەچۈرۈم سورىشىنى ئىلىك ئالماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كەچۈرۈم سورىشىنى قوبۇل قىلىۋەرسەك، ئۇ كەچۈرۈم سورىسامىلا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدىكەنغۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئەگەر بىز جۇپتىمىزنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىسەك، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ئىشەنچ ئاساسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. نېمىشقا ئەرلەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى ھەمىشە بىر دەك بولمايدۇ ؟

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

ئالدى بىلەن، بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا جاۋاب بېرىشىنى خالىمايدىغان روھىي ھالەتتىن ياكى روھىي ھالىتىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە خاس تەتۈرلۈك مەزگىلىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، بىز ئۇلارغا قويغان تەلەپ بىلەن بىر يەردىن چىققان ھالەتتىمۇ، ئەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا باشتا گەپ - سۆزدە بىزگە زەربە بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھەم ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىقتىدارىنى جاكارلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا ئەزەلدىن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش نىيىتى بولمىغاچقا، ئەرلەر ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىلتىماسىمىزنى ئۇلارنىڭ باشتىلا رەت قىلىۋېتىشىگە





رازىمىزكى، ئىش ئۆتكەندىن كېيىن يېنىۋېلىشىغا رازى ئەمەسمىز . بۇنىڭدا بىز ئەرلەرنى تەتۈر قىينىمىغۇچى، ئەرلەر بىزنىڭ زىيانكەشلىكىمىزگە ئۇچرىغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مەسىلە ھەل قىلماق تەس مەسىلىدەك تۇيۇلىدۇ. بىز ئۇلارغا تەلەپ قويمىساق ياكى ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەك ۋە ياكى قايتا ـ قايتا سەمىگە سېلىپ تۇرمىساقلا بولىدۇ، ئەمما بىزدە ئۈمىدسىزلىككە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

بىز جۈپتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بىراق ئۇنىڭغا تەكرار ـ تەكرار تەلەپ قويساق، جۈپتىمىز ئاۋۋال ماقۇل بولۇپ، ئارقىدىنلا ۋەدىسىنى بىردەمدىلا بىر ياققا چۆرۈۋېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن؛ ئەگەر گەپ ـ سۆز قىلماي يۈرۈۋەرسەك، ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن.



ئەجەبا بىز ئەرلەرنىڭ رايىغا چوقۇم بېرىشىمىز، ئۇلاردىن خالىمىغان ئىشنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلساق بولامدىكەن؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئەمما، بىز جۈپتىمىزگە بېسىم بولىدىغان تەلەپلەرنى قويىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلمىساق بولمايدۇ.



مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئايال ئەرلەر ئۆزى



« تېگىشلىك » دەپ قارىغان ، بىز سەمىگە سالمىساقمۇ ئىستىخىيىلىك ھالدا قىلىدىغان بىر پاتمان ئىشلارنى تىزىپ چىقالايدۇ .

لېكىن، يادىڭىزدا بولسۇنكى: ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە « تېگىشلىك » دېگەن سۆز ئىناۋەتسىز . سىز جۈپتىڭىزنىڭ ئىقتىدارى بىلەن خاھىشىنى مۆلچەرلەپ ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق ئۈمىد كۈتەلەيسىز . جۈپتىمىزدىن بەك يۇقىرى ئۈمىد كۈتۈۋەتسەك ، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەت خەتىرىنى ئۇستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ، بىزمۇ ئۈمىدسىزلىك تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز .

جۈپتىمىزدىن كۈتكەن ئۈمىدتىن قانداق چاغدا ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى كۆپىنچە ھاللاردا بىلمەيمىز . مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش يولىدا ئاياللارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋر - تاقىتىگە ئاجايىپ قول قويىمەن، لېكىن بۇنداق سەۋر - تاقەت كونكرېت ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمايدۇ . يەنىمۇ كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن، يۈرەكتىن چىققۇسىز ئەدەپ يەپ قېلىشتىن ئاۋۋال ، ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈشتىن ھەم بەدەل تۆلەشتىن قول ئۈزۈشىمىز كېرەك.

ئەرلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن قانچە ئاساس ئىزدىسىڭىز ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە شۇنچە مەسئۇل بولمايدۇ .

سىز ماۋۇ ئىشلارنى قىلىڭ: قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە دەڭ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەرقانداق جاۋابىنى قوبۇل قىلىشقا روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىڭ . گېپىڭىزگە ماقۇل بولسا ، ئۇنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىشى يادىڭىزدا بولسۇن.

جۈپتىڭىزنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىشى ئۇنى مەسئۇلىيەتچان قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى. مەسئۇل بولۇش دېگەنلىك — بارلىق ئاقىۋەتكە يۈزلىنىش دېگەنلىك . ئۇنىڭ





ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قايتا ـ قايتا ئاساس تېپىپ بەرسەك، ئۇ بۇنىڭدىن مەڭگۈ ساۋاققا ئېرىشەلمەيدۇ. «ئاقىۋەت» جازا ياكى تارتقۇلۇق ئەمەس، ئىش ـ ھەرىكەتكە ئاساسەن تەبىئىي يۈز بەرگەن نەتىجە. جۇپتىڭىز سىزنىڭ تەسىرا-تىڭىزغا ئېتىبارسىز قاراپ كەلسە، سىز دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچ-رايسىز، بۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز؟

چۈنكى بىز كېيىمىزدىن ئاسان يېنىۋېلىشنى خالىمايمىز. بىز جۇپتىمىزنىڭ بىز زۆرۈر دەپ قارىغان ئۆزگىرىشلەرنى ياسىشىنى توختىماي ئۈمىد قىلىمىز، سۆزلەيمىز ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ياسىشى ناھايىتى قىيىن، ھەتتا ئەھمىيەتسىز. مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلساق، بۇ شەكسىزكى ئاق بايراق چىقارغانلىق بولىدۇ. بىراق بەزى ئەھۋاللاردا بىزنىڭ ھەقى-قەتەن باشقا تاللىشىمىز بولمايدۇ. بۇ سىزنى بارلىق تىرىشچانلىق-لاردىن ۋاز كەچسۇن دېگەنلىك ئەمەس، ئورۇندىماقنىڭ تەسلىكىنى ئۆزى بىلىدىغان ئىشلارغا كەلگەندە، ئۇنىڭ مەيلىگە بېرىڭ.

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

جۇپتىڭىزنىڭ ھەممىدىن بەك قايسى ئىشلاردا ئۆزگىرىش يا-سىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىڭىزنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ. ھەربىر ئا-دەمنىڭ ئوي ـ خىيالى ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى سىناق قىلىپ بېقىڭ: جۇپتىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزىڭىزگە چىگىش تۇيۇلغان مەسىلىدىن ئوننى يېزىپ چى-قىڭ. ئون مەسىلىنىڭ ئارىسىدىن سىزنى بەكرەك قىي-نايدىغان ھەم مەيۇسلەندۈرىدىغان مەسىلىدىن بەشنى تاللاڭ.





ئەمدى شۇ بەش مەسىلىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ئېغىر مەسە-
لىدىن ئىككىنى تاللاڭ، بۇ ئىككى مەسىلە جۈپتىڭىزگە
ئاۋۋال قول سالىدىغان نىشان. جۈپتىڭىزگە بىر قېتىمدا
بەك كۆپ تەلەپ قويماڭ، ئۇنىڭغا بىر قېتىمدا بەك كۆپ كۆرسەت-
مىلەرنى قوبۇل قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئىمانى قىرىق گەز
ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە قارىتا كەيپىيات
ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىنكاس قايتۇرماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ
گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكىتى ئۇنىڭ ھېسسىيات ۋە كۆڭۈل
خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. جۈپتىمىز بىزنى ھەقىقەتەن ياخشى
كۆرسە، ئۇلار بىزنىڭ «تەسىراتىمىز» غا ئېتىبار قىلغان بو-
لاتتى، بىز ھەمىشە مۇشۇنداق تۈيغۇدا بولىمىز. ئەمما، ئەمەلىيەت
شۇكى، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكىتى ھېسسىياتىنىڭ
كونتروللۇقىدا بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي ئادەتلىنىپ كەت-
كەنلەرگە قارىتا ئۇلارنى قايتا ۋەدە بېرىشكە قىستىماسلىق، بۇنىڭ
ئورنىدا، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە كۆپرەك تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش
كېرەك. ئورۇندىماق ناھايىتى قىيىن تۈيۈلغان ۋەدىلەرنى چوقۇم
ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك دەپ تۇرۇۋالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇلارغا تە-
كىتلىشىمىز، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ سىناق قىلىپ باقىسىكەن
دېگەن ئۈمىدتە ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ئۇلار ھەقىقەتەن ۋەدە بەرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چوقۇم ۋەدىسىدە
تۇرۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلەپ قويساق بولىدۇ، جېدەل -
ماجىرادىن ئەنسىرەپ دېلىغۇل پوزىتسىيىسىدە بولساق بولمايدۇ.



ئۇلارغا سەۋەنلىكنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بېرىش، ھەقى-
قىي ئاقىۋەتكە يۈزلىنىشنىڭ مەڭگۈ ھاجىتى يوقلۇقىنى



جۈپتىمىزگە بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇلار ھەرقانداق ئۆزگىرىشكە چىن كۆڭلىدىن موھتاج بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بەزىدە ئۇلارنى ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتىن يۈز بەرگەن ئېغىر ئاقىۋەتكە يۈزلەندۈرۈش سەل شەپقەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. بىراق بۇ ئۇلارنى مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

ئۇنىڭ دەخلى ـ تەرۈز قىلىشىدىن ساقلىنىشنى ئىمكان بار ئۈمىد قىلسىڭىز، كۆزىڭىزنى روشەنرەك تۇتۇڭ، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا ئەمەس، بەلكى نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا قاراڭ. جۈپتىڭىز سىزگە ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق ۋەدە بېرىدۇ، ئەمما ئۇ ناۋادا سىزگە ئارقا ھويلىدىكى بىر پارچە چىمنى يۇلۇپ ئېلىپ بەرسە، بۇ بىر قەدەر ئەمەلىي ئىش بولمامدۇ؟

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

ناۋادا ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە جۈپتىمىزگە تەلەپ قويۇپ، تىرناقتا توختىمايدىغان پارچە ـ پۇرات ئىشلارغا پەرۋا قىلمىساق، ئۇلارنى مەجبۇرىي باش لىڭشىتىشقا سەرپ قىلىنغان كۈچىمىزنى تېجەپ قالغان، ھەتتا تېجەپ قالغان كۈچىمىزنى باشقا يەرگە ئىشلەتكەن بولاتتۇق. بىز رېئال ئەھۋالنى قانچە قوبۇل قىلساق، شادلىققا شۇنچە چۆمۈلىمىز. جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئاشۇ گۈزەل قىسمىنى قەدىرلەشنى يەنىمۇ بىلىمىز.





# ئون تۆتىنچى جىنايەت ئۇ دىلىڭىزغا ئازار بېرىدۇ

مەن بۇ بابتا مۇنداق بىر چۈشەندۈرۈشنى قوشۇپ قوياي. بۇ يەردە گەپ جىسمانىي خورلۇقتا ئەمەس، بەلكى «سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ» دېگەنگە قارىتىلغان. بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

*ئۇ سىزنىڭ يېغىرىڭىزنى ئاچىدۇ، بولۇپمۇ خەقنىڭ ئالدىدا؛*

*سىزنى سېتىۋېتىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ياكى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا سىز بىلەن بىر سەپتە تۇرمايدۇ؛*

*تەسىراتىڭىزغا دەخلى - تەرۇز قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ گالۋاڭ ياكى بەك دۆت؛*

*سىرتقى قىياپىتىڭىزدىن ئېۋەن تاپىدۇ؛*

*سىزگە پات - پاتلا زەھەرخەندە گەپلەرنى قىلىدۇ؛*

*سىزنى مازاق قىلىدۇ، ئىشتىن كېيىن پەرۋاسىزلىق بىلەن: «قەدىرلىكىم، مەن پەقەت چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دەيدۇ.*

*تىكمىنى بار گەپلەرنى قىلىپ، ئۆز - ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەشكە سەۋەبچى بولىدۇ؛*

*سىزنى مەجبۇرلايدۇ ياكى سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزغا سەل قارايدۇ.*

بىر مىسال كەلتۈرەي، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغانىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە ئېرى ھەدىيە قىلغان تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى — مەيدىسى كەڭ ئويۇلغان، كىشىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئىچ كىيىمنى قوبۇل قىلدى.



مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مۇشۇ سوۋغىنى ھەدىيە قىلغان چاغدا، شادلىققا چۆمۈلگەن بۇ ئەر خوتۇنىنىڭ خۇشال بو-



لۇشنى كۆتكەندى. ئويلىمىغان يەردىن، مۇشۇ سوۋغا بىلەن ئۇ خوتۇننى قاتتىق رەنجىتىپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئىسكەتىدىن كەتكەن فىگۇرىسىغا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن بۇ دوستۇم ئېرىنىڭ سوۋغىسىنى كۆرۈپ ھاقارەتلەنگەندەك بولۇپ، ئىچ كىيىمنى غەزەپ بىلەن ئېرىنىڭ يۈزىگە ئاتتى - دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ كۈنى سوۋغىنى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن قوبۇل قىلغان بولسام، ئەرلەر سوۋغا قىلغان، كىشىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئىچ كىيىمنى جان دەپ ئالغان بولاتتىم. چۈنكى مەن بۇرۇنقىدەك سەت ھەم سېمىز قىز بالا ئەمەس. ئەگەر جۈپتىمىز بىزگە قانداق ئىشلاردىن دىل ئازارى يېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، بۇنداق قىلاتتىمۇ؟ بىزنى ياخشى كۆرىدىغان-



لىقى توغرۇلۇق تىنماي سۆزلەيدىغان ئەرلەر بىزگە مۇشۇنداق دىل ئازارى بېرەمدۇ؟

بىزگە يەتكەن دىل ئازارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسەتلىك بولۇشى نا-تايىن. جۈپتىمىز بىزگە قارىتا بەزى چاكىنا ئىش - ھەرىكەتلەردە بولۇشى، بەزىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى مۇم-كىن، لېكىن ئۇلارنىڭ بىزگە زىيان-كەشلىك قىلىش مەقسىتى يوق. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ «ئېھتىياتسىز-لىقى» داۋاملىق بىزنىڭ كەڭچىلىكى-مىزگە ئېرىشىدۇ. «سىزگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلغىنىم يوق»، مۇشۇنداق گەپلەرنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ، جۈپتىمىز بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنىڭ نەدىلە-كىنى بىلگەن ئەھۋالدا.





جۇپتىمىز بىزنى تەنقىدلىگەن، ھاقارەتلىگەن ياكى
بىزگە پەرۋا قىلمىغان چاغدا، ئۇلار بىزگە ئاسىيلىق
قىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دىل ئازارى يې-
يىش، خاپا بولۇش، بۇنىڭدىن باشقا ھەيران قېلىش تۇي-
غۇلىرى يېتىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ ئىنكاسىمىز مۇتلەق مۇنداق بو-
لىدۇ: «سىز مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگەنغۇ؟ ئەمىسە سىزنىڭ بۇ
خىل ئىپادىڭىز قانداق گەپ؟»

## ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ؟

ئەرلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنى رەنجىتىدۇكى، بۇنى ئۇلارنىڭ
بالىلىق ياكى ياشلىق چاغلىرىدا ئۇچرىغان زەربىسىدىن ئايرىپ قا-
رىغىلى بولمايدۇ. مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇلار ئىلگىرى زەربە يې-
گەچكە، باشقىلارغىمۇ ئەدەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەر
بىلىپ - بىلمەي تىغدەك ئۆتكۈر گەپ - سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە ئوي-
لايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن چاغدا، بىئارام بولىدۇ، غەزەپلى-
نىدۇ ياكى شىكەستىلەنگەن كەيپىياتىنى ئاشكارىلايدۇ، بۇنىڭ
دەردىنى شۇ ئەرنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى تارتىدۇ.

ئەڭ كىنايىلىك بىر ئىش شۇكى: «بىز تەپتارتماستىن ‹بىز
ياخشى كۆرگەن›، ياكى ‹بىزنى ياخشى كۆرگەن› كىشىلەرنىڭ دى-
لىنى رەنجىتىمىز. چۈنكى ئۆزىمىزنىڭ يېنىش - يېنىش كەچۈرۈ-
لىدىغانلىقىمىز بىزگە مەلۇم.» بالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «بەزىدە
سىزگە گەپ ياندۇرۇپ قويىمىز، لېكىن نېمىلا قىلساقمۇ سىزنىڭ
بىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز...» بىزنىڭ جۇپتى-
مىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز شۇنچىلىك خالىس بولسا كېرەك،



ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ھەرقانداق دىل ئازارىنى كەچۈ-
رۇشكە بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان قەتئىي مۇھەببىتىمىزنىڭ



يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا ئىشىنىدۇ.

كۆپىنچە ئەھۋاللار مۇنداق بولىدۇ، جۈپتىمىزنىڭ دىل ئازارى قىلىشىنىڭ قېتىم سانى بەك كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ھەربىر قېتىم بېرىلگەن زەربە ئېغىر بولىدۇ. ئۆزىمىزنى دىل ئازارىغا ئۇچراشتىن قوغدىماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىنى قانداق يامانلىتىۋەتكەنلىكى-مىزنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

## بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

بىز ئوخشاشلا چوڭ بولۇش داۋامىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بەزىدە نارازى بولساق ھەم خۇيلىنىپ قالساق دەردىمىزنى جۈپتىمىزدىن ئالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈپتىمىزنىڭ بىزگە سالغان ئەلىمىگە بەرداشلىق بېرىشىمىز زۆرۈر، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىغىلغان غەزەپ ۋە بېسىمنىڭ تەسىرىدە كەيپىياتىمىز تو-تۇق، ئىگىلەش تەس بولۇپ قالىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىز بىلەن جۈپتىمىز ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە ئۆزئارا ئەدەپ بېرىش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشتىن پەيدا بولغان.

ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە، ئايالار ھەمىشە ئۆزىنىڭ زىيان-كەشلىككە ئۇچرىغۇچى رولىنى ئويناۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىدۇ. بىز جۈپتىمىزنىڭ تەنقىد ۋە مازاق قىلىشلىرىغا ئۈندىمەي قاراپ تۇرىمىز. نېمىشقا؟ قارشىلىق قىلىپ جۈپتىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقساق كېرەك؛ بىز ئۇلارغا ھەددىدىن ئار-تۇق يۆلىنىۋېلىپ، ئۆز ھوقۇقىمىزنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى بىلمەي قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن؛ رەددىيە بەرگەن ھامان بىزگە ئۇلار بىزدىن ئۆچ ئالىدىغان ياكى بىزنى جازالايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىشى ئېھتىمال؛ ياكى جۈپتىمىزدىن ئايرىلىپ قا-لارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، شۇڭا مۇشۇنداق خورلۇق





تارتىشقا رازى بولىمىز.

بىزنىڭ يەنىلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇشىمىزغا ئاساسىمىز يوق! ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مىڭلىغان - مىليونلىغان ئاياللار جۈپتىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغاندا، ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلماي ياكى ئۆزىنى چەتكە ئالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن. ئەرلىرىمىز بىزنى ھاقارەتلىگەندە، بىز ئاساسەن پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تاللاپ، ئېرىمىزنى بەزلەيمىز ياكى بولمىسا مۇنچىغا كىرىۋېلىپ بىر قەپەس يىغلايمىز.

مۇناسىۋەتنى دەپ ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش ئۆزىمىزگە ۋە جۈپتىمىزگە ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىز بۇرۇن مۇلايىم ئايال ئىدۇق، قىرىق ياشقا كىرگەندە، ئاندىن ئەرلەرگە غەزەپلىنىپ كەيپىياتىمىزنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالدۇق. ماڭا ئىشىنىڭ، ئەرلەر مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا ھەقلىق. نارازىلىقىمىزنى ئىپادىلەشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاپالمىغاندا، بۇنداق بۇرۇقتۇم كەيپىياتنى ئىچىمىزگە يۇتىمىز - دە، ئاخىرى بېرىپ مەيۈسلۈك ھەم چۈشكۈنلۈك گىردابىغا بېرىپ قالىمىز.

## بىز نېمىشقا خاپا بولۇپ قالىمىز؟

بىز جۈپتىمىز بىلەن ياخشى ھەم يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ دىل ئازارىغا چىداشلىق بېرىشكە رازى بولىمىز. ئەرلەر ئۆز ئىش - ھەرىكىتىنىڭ زەربە خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇلار پەقەت: «مەن بەك قورقۇپ كەتتىم» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەن بىزدە خەيرىخاھلىق ۋە ئانىلارغا خاس باغرى يۇمشاقلىق خۇسۇسىيىتىنى ئويغىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەرلەرنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.





جۈپتىمىز ئاشۇنداق مۈتتەھەملىككە ئادەتلىنىپ كەت-
كەچكە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ رەنجىتىشلىرىنى سەزمەس بولۇپ
قالىمىز ياكى ئەرلەرنىڭ ئەلىمىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدى-
غان ھالەتكە بېرىپ قالغاندىمۇ، « بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ »
دەپ ئۆزىمىزنى ئالدايمىز.

ئەمما دەرد ــ ئەلەم يەنىلا مەۋجۇت، بىز ئۇ دەرد ــ ئەلەملەرگە
جىمىمىدە تۇرۇپ چىدىماسلىقىمىز لازىم. بۇنىڭ بىزنىڭ جىسمانىي
ھەم روھىي ساغلاملىقىمىزغا، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنىڭ تە-
رەققىياتىغا بولغان تەسىرى زور. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىمنىڭ باش-
قىلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇسى يوق. جۈپتىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش
خاتىرجەملىكنى، رومانتىك مۇناسىۋەتنى خالايدۇ... بۇ ئالدىنقى
شەرت ئاستىدا، جۈپتىمىزنىڭ زەربىسىگە قانداق يۈزلىنىشىمىز
كېرەك؟ قانداق قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساق-
لانغىلى بولىدۇ؟

## ئاددىي بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

سىزگە شۇنى دەپ قوياي، ئۇ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ
بولدى. دەردىڭىزنى ئىچىڭىزگە سىلىپ يۇرۇۋەرمەڭ، چۈشەندۈرۈش
ئۇچۇن ئاساس ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەڭ. يادىڭىزدا بولسۇن،
ئۇنىڭ سىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغان ھەققى يوق.

سىز « شىكايەت » تەلەپپۇزىدىن ساقلىنىڭ. ئەيىبلەش پوزىتـ-
سىيىسى كۆپ ھاللاردا يەنىمۇ كۆپ جېدەل ــ ماجىرالارغا سەۋەبچى
بولۇپ قالىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئىگىلەڭ، سىزگە نې-
مىشقا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزى-
دىن سوراڭ. سىز بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوقلۇقىنى
ئوتتۇرىغا قويسىڭىزلا، ئۇ سىزنى تەنقىدلەپ، ئەدەپ





كېتىدۇ . ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئۇنىڭ جاۋابىغا
ئاساسەن بەلگىلەڭ. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۇسۇلى خىلـ
ـمۇخىل بولىدۇ ، ئەمما بۇ جاۋابلارنىڭ مۇھىم نۇقتىسى
ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى
ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش. مەلۇم ئالاھىدە ئىش - ھەرىكەت ئارقىلىق
ئۇنىڭ سىزگە ئەلەم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈڭ ، بىراق
« سىز ماڭا ئەلەم قىلدىڭىز » دەپ ئۇنىڭغا يۈزمۇيۈز دېمەڭ. ئەمەـ
لىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلىڭ، بۇنىڭدا ئۇ گەپ
قىلالماي قالىدۇ.

ئەگەر سىز جۈپتىڭىزگە تەسىراتىڭىز توغرۇلۇق ناھايىتى تىنچ
ھالەتتە گەپ قىلسىڭىز ، سىز بىرقەدەر ئىجابىي ھەم ئاكتىپ جاـ
ۋابقا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن. ئىجابىي ھەم ئاكتىپ جاۋاب دېگەن
نېمە ؟ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال شۇكى، بىزنىڭ جۈپتىمىز كەـ
چۈرۈم سورىيالايدۇ ، ئۆزىنىڭ گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىـ
ـرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنالايدۇ . كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇلار يۈزىنىڭ
چۈشۈپ كەتمەسلىكى ياكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۇچۈن مۇشۇنداق
قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز ئىچكى تەسىراتىمىزنى باشقىلارنىڭ








چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەرلىرىمىزنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە ئۆزگىرىش ياسىشىنى ئىستەيمىز. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىمىز. بىز جۈپتىمىز بىلەن ئۆزئارا يېقىنلىشىشتىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنى، ئۇلارنى يەنە كەچۈرۈشنى خالايمىز. لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن ياخشىلىنىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن روياپقا چىقىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنى قانداق قوغداشنى چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ كىشىگە ئۇياتلىق ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. بىز ئۇچۇن ئەڭ ئىشەنچلىك بولۇشقا تېگىشلىك كىشىگە يۈزلەنگەن چاغدا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى قوغداش، ئۇنىڭ ئەلىمىگە قالماسلىقنى ئۆگىنىش كېرەك. جۈپتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش ئالدىدا تۇرغان ھەربىر ئايالنىڭ ئۆزىنى قوغداش چارىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ۋاقتىنچە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى، بەزىلەر ھېسسىيات جەھەتتىن بەدەل تۆلەشنى، بەزىلەر ئوتتۇرىغا مەنىۋى تام سوقۇپ جۈپتىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىدۇ. بۇ جۈپتىڭىز بىلەن ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش چارىسى ئەمەس، چۈنكى سوققان مەنىۋى تام ئېگىزلىگەنسېرى، جۈپتىڭىز بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ شۇنچە يىراقلايدۇ.

ئەگەر سىز شۇنداق ئايال بولسىڭىز، سىز ئۆز ئېرىڭىزنى قانداق كەچۈرەلەيدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق ئويلىنىڭ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئامالىمىز يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە دۇچ كەلگەندە، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزگە: «بۇ ماڭا قارىتىلغان ئەمەس» دەڭ. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئەدەپ بېرىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىقىمىز تەس، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنى بىلىڭكى: ئۇنى سىز ئۆ-



زىڭىز تاللىغان، ئۇ ھېلىمۇ يەنىلا سىزنىڭ تاللىشىڭىز.



## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

سىز داۋاملىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى رولىنى ئېلىشنى، ئىچ ـ ئىچىڭىزدىن ئۆرلەۋاتقان غەزىپىڭىزنى بېسىشنى خالىمايسىز. ئۆزىڭىزنى قانداق قوغداش سىزگە ئايان. مۇھىمى شۇكى، سىز ئۆزىڭىزنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇڭ، بۇ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى يېتىلدۇرۇشىڭىزگە مۇتلەق پايدىلىق.





# ئون بەشىنچى جىنايەت ئۇ ئىككىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ

ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى بىر نارازىلىقىمىزغا قاراپ باقايلى: نېمىشقا شۇنچىۋالا كۆپ ئاياللار جۈپتىلىرىنى مۇناسىۋەتكە قارىتا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان ھەم بەدەل تۆلەيدىغان ھالەتتە كۆرمەيدۇ ؟

« بىزنىڭ توي قىلغىنىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى بولغان، مۇناسىۋىتىمىزگە رويتېرنىڭ مەنچە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا شۇنداق، — دېدى توي قىلغىنىغا ئالتە يىل بولغان كاسېي، — مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرەي. ئۇ ئارىمىزدىكى قىزىقارلىق ياكى رومانتىك ئىشلارغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ بالىغا قاراشمايدۇ، ئوتتۇرىمىزدىكى مەسىلىلەرگە ئاز ئارىلاشقان ياخشى دەپ قارايدۇ؛ جىنسىي ئېھتىياجى قوزغالمىسىلا، ئۇ ئادەتتە ماڭا تەگمەيدۇ؛ توي قىلغان خاتىرە كۈنىمىزنى باغاقچىغا يېزىپ ئۇنىڭغا ئەسلىتىمەن؛ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ھەرقانداق پىلاننى ئۇ رەت قىلىۋېتىدۇ... »



كاسېينىڭ گېپى ماڭا نۇرغۇن ئاياللارغا ئورتاق بولغان ھېس - تۇيغۇنى ئەسلەتتى. بۇ مەسىلە مەزكۇر كىتابتا مۇھاكىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە





چوڭقۇر ئىشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ دەل « ئىككى جىنس جېڭى » دىكى ھالقىلىق مەسىلە، بۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

« بىز ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتكە جۈپتىمىزدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمىز » . بۇ ئاغرىنىش ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق . ئەمما ، ھەربىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ .

مەسىلەن، مارى ئېرى داۋىدنىڭ ئۆزى بىلەن بىر - ئىككى ئاخشامنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنى خالىماي، ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ ئاخشام ۋاقتىنى ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا بەك خاپا. جېنىنى تازا خۇشال ئەمەس، چۈنكى ئېرى پېتىر ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر بالىلىق بولۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشنى رەت قىلىدۇ؛ لىن تونۇشقىنىغا ئالتە ئاي بولغان ئوغۇل دوستى داۋىدنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنى ئۆيىدىكىلەرگە تونۇشتۇرمىغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ... بەزىدە، بىز كونكرېت مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز ، بىراق جۈپتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە دېگەندەك ئېتىبار بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز .

توغرا، ئۇ ئېتىبار بەرمەيدۇ، پىسەنت قىلماسلىق ياكى كۆڭلى بىر يەردە بولماسلىق دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ! ئۇ سىزنى قەدىرلىشى، مۇناسىۋىتىڭلار ئۈچۈن نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ بەرگەن بۇ ۋەدىلىرىنى ئۆزى مۇھىم بىلگەن ئورۇنغا ياكى سىزگە مۇھىم تۇيۇلغان ئورۇنغا ئەسلا قويمايدۇ.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا خىزمەت، دوست - يارەن ۋە سىياسىي مەيدانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كۆپ. بىراق بىز جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز ، بالىمىزغا قانداق مۇھەببەت قويساق، ئۇلارغىمۇ شۇنداق مۇھەببەت قويىمىز.



ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، جۈپتىمىز بىزنىڭ مۇنا-



سۈيتىمىزنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ كەتمەيدۇ. كونكرېت مىسالدىن ئىككىنى كۆرسىتەي: بىزنىڭ ئەرلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈمىز كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىزنىڭ مەلۇم تەرىپىمىزنى بىلگۈسى كېلىدۇ. ياكى بىز باشقا ئىشلارنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ قو-يىدىغاندىمىز ياكى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويىدى-غانمىز.

بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارمۇ بار، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللارغا ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ جۈپتى-لىرى ئۈچۈن مۇھىملىق دەرىجىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى يىراق تۇ-يۇلىدۇ.

## ئۇلار نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟

چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلىش داۋامىدا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەربىيىسى قىزلارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە يېتەكلىسە، ئوغۇللارنى ئۆزىنى ئىپادىلەشكە يېتەكلەيدۇ ۋە مۇشۇنى تەكىتلەيدۇ. بىز قونچاق ئوينايمىز، كېيىنى بىلەن يالغاندىن ھە-شەمەتلىك توي قىلىمىز، ياشلار – ئۆسمۈرلەر ژۇرنىلىغا بېرىلگەن ئىشقۋازلىق ۋە رومانتىك تېمىدا يېزىلغان ماقالىلەرنى باش كۆتۈر-مەي بېرىلىپ ئوقۇيمىز. بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىمىز ئۆلمەس مۇھەببەت ئىزدەش يولىدا ئۆتىدۇ.

ماڭا ئىشىنىڭ، جۈپتىمىز بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ، ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمەيدۇ. قانداق قىلغاندا مۇكەممەل مۇناسى-ۋەت ياراتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن غەم يېمەيدۇ، كۆڭلىدە پىلانىمۇ بولمايدۇ.

ئاتا – ئانىلار ئوغۇل بالىلارنى ئوخشاش بولمىغان تۈر-لۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، قىز با-





لىلارنى بولسا ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قىزلار-
نىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى تەقىپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنى
دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەن-
دۈرۈش بىرقەدەر ئاز بولىدۇ. تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئۆي
ئىشلىرىغا قارىشىش، يات جىنس مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشكە يار-
دىمى بولىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار ئىشلار
بولسا، بۇ باشقا گەپ.

ئەرلەر ئاياللارغا ئاياللار ئەرلەرگە موھتاج بولغاندەك موھتاج
بولمايدۇ ياكى ئۇلار ئۆزىنى ئاياللارغا موھتاج ئەمەس دەپ قارايدۇ.
لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ.
ئەرلەرنىڭ چىن مۇھەببەتتى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ياكى جۈپ-
تىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى « جەسۇر قامىتى »
شۇئان ئۇششۇك تەگكەن گۈلدەك سولىشىپ كېتىدۇ. بۇنى مىسال
ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەرلەر جۈپتىدىن ئايرىلىپ
يالغۇز قالغاندا تايانچىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا بېلىق
كونسېرۋاسىنىڭ ئاغزىنىمۇ ئاچالمايدۇ، بىرەر ۋاق تاماق ئېتىش
ئۈچۈن پىرقىراپ كېتىدۇ.

جۈپتىمىز بىزگە ئۆزىنىڭ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىگە ناھا-
يىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ ئىشقا بىز
قارىغاندەك قارىماسلىقى مۇمكىن. خۇددى جېرويغا ئوخشاش. ئۇ
مېنىڭ خېرىدارىم، ئۇ بىر قېتىملىق داۋالىنىش جەريانىدا ئاغ-
رىنغان ھالدا مۇنداق دېدى: « خوتۇنۇمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى
بىلمەيمەن. مەن ھەر شەنبە كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن،
كەچتىمۇ باشقىلار بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتمەيمەن. شۇنداقتىمۇ
ئۇ ھەمىشە ماڭا: سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيسىز، دەيدۇ.
قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن نائىلاج ئۇنىڭغا: مەن ھېلىھەم
ئۆيدە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دەيمەن ».



بۇ ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان ئوسال جاۋاب! مەن ئەر-

لەرگە ياخشى سوئالغا ناچار جاۋاب بېرىلگەنلىكىگە ئائىت بىر تالاي مىسال كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن. ئەرلەر ياخشىسى ئايالالارنىڭ قانداق جاۋاب ئاڭلاشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. مەسىلەن، « مەن ھېلىھەم ئۆيدە، شۇنداق ئە-مەسمۇ؟ » بۇ لاياقەتسىز جاۋاب. ناۋادا سىز: « دۇنيادا سىزلا ماڭا ئەڭ قىممەتلىك » دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. توغرا جاۋاب بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مەن سىزنى مۇبارەكلەيتتىم. شۇنىڭدەك ئۇ سىزدىن: « سىزگە مەن سەمرىپ كەتكەندەك بىلى-نەمدىم؟ » دەپ سورىسا، سىز ھەرگىز ئۇنىڭغا: « راست، راست-تىنلا سەل سەمرىپ قالدىڭىز » دېمەڭ. ئۇنىڭ يىگىرمە پوت سەمرىپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكى سىز ئۈچۈن مۇھىم بولمىسا، سىز بېرىدىغان بىردىنبىر توغرا جاۋاب: « ئامرىقىم، سىز نې-مىدېگەن گۈزەل ».



بۇ قۇلاققا ئەرلەرنى ئاياللارنى ئەركىلىتىشكە ئۈندەۋاتقاندەك ئاڭ-لىنىدۇ. راست شۇنداق. ئەرلەر شۇنداق قىلىشى كېرەك. كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان راست گەپنى ۋە باشقا گەپنى ئويلاپ قىلىش ۋە ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىزنىڭ دىلىنى چىگىلدۈرمەسلىككە سەللا دىققەت قىلسىڭىزلا بولىدۇ. بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنگە ئوخ-شاش، ئەرلەر توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ شەپىسىنى تۇيغان ھامان مۇناسىۋىتىمىزدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدە يوقلۇقى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە خاس ئالاھىدىلىك. ئەگەر ئۇلار مۇھەببەت ۋە ۋەدىگە بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھەم بۇنىڭدىن جۈپتىنىڭ زوقلانمىغانلىقىنى بايقىسا، مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا سەرپ قىلىدىغان زېھنى كۈچى بارغان-سېرى ئازلاپ كېتىدۇ.





# بىز يەنە نېمە قىلىپ قويدۇق ؟

مۇھەببەت يولىغا يېڭى قەدەم قويغانلار ئۈچۈن، ئاياللار ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىگە دىققەت ئېتىبارىنى ئازراق بېرىشنى، ئەرلەر دىققەت ئېتىبارىنى كۆپرەك بېرىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئوخشاش ئۇسۇل كۆپ تەرەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز ئازراق، ئۇلار كۆپرەك بەدەل تۆلىسە بولىدۇ. بىز كەيپىياتىمىزنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىشكە موھتاج، ئەرلەر ئۆزىنى كۆپرەك ئىپادىلەشكە تىرىشسا، بۇنىڭ يامىنى يوق.

باشقىچە ئېيتقاندا، ئەرلەرگە بىز ھەددىدىن زىيادە موھتاج بول- ماسلىقىمىز كېرەك. ئەرلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە بىزگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بىز مۇشۇنداق دېيەلەيمىز. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىز ھېسسىياتقا زېھىن كۈچىمىزنى بەك كۆپ سەرپ قىلىۋەت- كەچكە، جۈپتىمىز بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ مەركىزى بولۇپ قال- غان. مۇشۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ تۇنجى ئوغۇل دوستۇم بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن جېدەلنىڭ ئاساسىي تېمىسى. ئۇ مېنى مۇناسىۋىتىمىزگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتتىڭىز دەپ ئەيىبلىدى ( بۇ ئۇنىڭ « سىز ماڭا تولىمۇ موھتاج بولۇپ كەتتىڭىز » دېگىنى ئىدى ) ، مەن ئۇنى مۇناسىۋە- تىمىزگە تازا ئەھمىيەت بەرمىدىڭىز، دەپ ئەيىبلىدىم ( بۇ « سىز مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرمەيسىز » دېگەنلىكىم ئىدى ) . ئەمەلىيەتتە بۇ ئورۇنسىز جېدەل ۋە ئەھمىيەتسىز جەڭ ئىدى. مۇناسىۋىتىمىزگە چەكسىز موھتاج ۋە تەقەززا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى ئەيىبلىگەندە، مەن ئوڭايسىزلاندىم ھەم چېچىلىپ كەت- تىم. مەن دەرھال ئۆزۈمنى ئاقلاپ: « سىز بولمىسىڭىزمۇ مەيلى، مېنىڭ ئىككى بالام، جاپالىق خىزمىتىم، يىگىرمىگە يېقىن سىرداش دوستۇم، ئىككى مۈشۈكۈم، چوڭ جەمەتىم





بار ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى دېمەيلا قويااي ، ئالدىمدا ئۆزىڭىزنى ئۇنچە چوڭ تۇتماڭ! » دېدىم.

بىز ئىستراتېگىيە جەھەتتە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالدۇق. جۇپتىمىزنى بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇرلىدۇق. جۇپتىمىزنى يەنىمۇ كۆپ ۋەدە بەرگۈزۈش ئارقىلىق سىناش، ئۇنىڭ بېسىم ھېس قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا ئۇ مۇناسىۋىتىمىزنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى خالىمايدۇ. سىناقنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇ خاپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مەيلى نېمە دېسۇن ياكى نېمە قىلسۇن، بىزنىڭ ھېلىقىدەك مۇناسىۋىتىمىزگە ئۇنىڭ ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

بىز ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئۆزگەرتەيلى، جۇپتىمىز ئىپادىلىگەن قىزغىنلىقنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىشقا تىرىشايلى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن بۇرۇن، مۇناسىۋىتىمىزگە جۇپتىمىزنىڭ نېمىشقا تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمىزدا، ئۆز مەنپەئىتىمىزنى مۇناسىۋىتىمىز ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىمىز.

## بىز نېمىشقا خاپا بولىمىز ؟

نۇرغۇن ئاياللار قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە رومانتىك. ئەلۋەتتە، « ئۇنىڭسىزمۇ ياشاۋېرىمەن » دەيدىغان قەيسەر ئاياللارمۇ بار. ئەمما، كۆپ سانلىقىمىز مۇھەببەتكە دۇچ كەلگەندە بەك ئېرىپ كېتىمىز. بىزنىڭ يۈرىكىمىز جۇپتىمىزنىڭ قولىدىكى گۇل. ئۇلار « پەرۋەردىگارىم! مەن دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك ئەر » دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشىغىلا، ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپ كېتىمىز.



بىز جۇپتىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىمىزغا ۋە ئەڭ



ئىشەنچلىك سىردىشىمىزغا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇقەددەس سارايغا ئوخشايدۇ، مۇقەددەس سارايدىكى ھەربىر ئادەم ئوخشاش بەدەل تۆلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار. ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە بىز ئارزۇ قىلغان يېقىنلىق ۋە تەڭ بەھرىلىنىش بولمايدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك. بىراق، بىز تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى بىلمىگەن ئەركىشى بىلەن بىللە بولۇپ قالساق، بىزنى نەس باسقىنى شۇ. بىردەكلىك بولمىغان بۇنداق ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى قانداق قىسقارتىمىز؟ جۈپتىمىزنى يەنىمۇ كۆپ ۋەدە بېرىشكە ياكى بىزنى ئىككى جىنس پەرقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەيدىغان قانداق ئاددىي قەدەم - باسقۇچ بار؟

## ئاددىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى

قىياس قىلدىڭىزمۇ؟ يەنىلا شۇنداق: ئۆزىمىزنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىمىزنى جۈپتىمىزگە ئۆز ئاغزىمىز بىلەن دەپ بېرىمىز. مۇشۇنداق مەسىلىگە توغرا كەلگەندە، جۈپتىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتتە ئاز - تولا ئۆزگىرىش ياسىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىمىز ھەم جۈپتىمىز ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىزغا پايدىلىق.

نېمىنى خالايدىغانلىقىڭىزنى دەماللىققا كۆرسىتىپ بېرەلمەيسىز. سىز مۇناسىۋىتىڭلاردا كەم بولۇۋاتقان نەرسىلەرنى بىر پارچە تىزىملىككە تەپسىلىي يېزىڭ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل. مىسال ئالساق، ئەگەر جۈپتىڭىز تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ياكى توي خاتىرە كۈنىنى مۇھىم ئىش قاتارىدا





كۆرمىسە، مۇشۇنى تېزىملىككە كىرگۈزۈڭ؛ ئۇ سىزگە تازا دىققەت قىلىپ كەتمىسە، بۇنىمۇ يېزىپ قويۇڭ؛ ئۇ كۈنلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، سىز بىلەن بىللە بولىدىغانغا ۋاقىت چىقىرالمىسا، بۇنىمۇ يېزىپ قويسى-ڭىز بولىدۇ.

تېزىملىك مۇناسىۋىتىڭلارغا ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرى-شىشىڭىزغا ئىسپات بولالايدۇ. تېزىملىك تەييار بولغان ھامان سىز ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى جۈپتى-ڭىزگە ئەدەپ بىلەن دېيەلەيسىز. ئۇنىڭغا خالىغانچە گۇناھ ئارتماڭ. مېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىم بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز يوق ياكى بىلمەيسىز دېگەن گەپنى قىلماڭ؛ ئۇنى پاراكەندە قىلماڭ، تەن-قىدلىمەڭ ياكى ھاقارەتلىمەڭ. بۇنىڭدىن باشقا، قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن ئۇسۇلىنى ياخشىلاش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا دەڭ.

دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، جۈپتىڭىزنىڭ ئۆز قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بايقىشىڭىز ھەم مۇكاپاتلى-شىڭىز كېرەك. يادىڭىزدا بولسۇنكى: بىز مۇھەببىتىمىزنى ئوخ-شاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. سىز رومانتىك گەپ - سۆزلەرگە موھتاج بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ ماشىنىڭىزغا دىزېل مېيىنى يەڭگۈشلەش ئارقىلىق ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ بىر شەنبە كۈنىنى سەرپ قىلىپ يەر ئاستى ئۆيىنى سىرلاپ چىقىدۇ، بالىڭىز بىلەن ئىككىڭلار يەكشەنبە كۈنى كۆل بويىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ-نىڭدىن رەنجىيسىز. باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئۆز مەيدا-نىدا تۇرۇپ چۈشىنىش — ئادەملەرنىڭ تۇغما مىجەزى. ئەمما، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مىسال كەل-تۈرسەك، ئېرىمىز روژدېستوۋ بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىزگە مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق ياكى تېلېفون سوۋغا قىلسا، بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم تولىمۇ خۇشال بولىدۇ، لېكىن بىز





ئۆيلىغان سوۋغا گېزىتكە ئېلانى بېرىلگەن بىلەزۈك بولۇپ قالىدۇ، بىز ھەتتا گېزىتنى ئۇنىڭ ياستۇقىغا يېيىپ قويىمىز.

بىز ئالماقچى بولغان نەرسىمىزنى بېرىمىز، بىز ئېپادىلىگەن ياخشى كۆرۈش — بىزگە كېرەكلىك بولغان ياخشى كۆرۈلۈشنىڭ ئۇسۇلى، جۈپتىمىزنى خۇشال قىلىش ئۇسۇلى ئەمەس. بۇمۇ ئادەم تەبىئىيتى. بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى شۇكى، جۈپتىمىزنىڭ ئۆز قىزغىنلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىپادىلىگەن ئۇسۇلىدىن كۆڭۈل قويۇپ زوقلىنىشنى بىلىش كېرەك. بىز بۇنىڭدىن بۇ مۇناسىۋەتكە ئۇلاردىن بەكرەك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. كۆڭۈل كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتساق، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىدىن ھەيران بولىمىز.

مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ قىزىقارلىق بولسۇن، بۇ ئۈچىنچى ئاددىي ئىستراتېگىيە! مەن راست دەۋاتىمەن. جۈپتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بەك فورمۇلالىشىپ كەتسىمۇ ياخشى بولمايدۇ. ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ھەمىشە مەسىلە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، توقۇنۇش ۋە جېدەلگە يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ جەھەتكە كۆڭۈل قويۇشىمىزنىڭ ياكى تولىراق كۆڭۈل قويۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

ھەممە ئىش لايىقىدا بولۇشى كېرەك. ئەگەر زېھىن كۈچىمىزنىڭ يېرىمىنى ئۆيىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمەس، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا قاراتساق، پائالىيىتىمىزگە جۈپتىمىزنىڭ خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، ئۆزىمىز ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرگە يەنىمۇ كۆپرەك ئېرىشەلەيمىز.



مۇناسىۋىتىمىز يەنىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىر مەزگىللىك مۇناسىۋەتتە كۆڭۈلسىزلىك كۆپ بولسا، بۇ ئۇستىڭىزگە



چوشكەن بىسىم ۋە سىز دۇچ كېلىدىغان توقۇنۇشنىڭ
مىقدارى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. سىزدىكى كۈچ ـ
قۇدرەت تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. ھەر ھەپ-
تىدە بولمىدى دېگەندە بىرنەچچە قېتىم جۈپتىڭىز بىلەن كۆڭۈل
ئېچىڭ. كىشىنى پەرىشان قىلىدىغان ۋە كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرنى
بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاڭ. كىنو كۆرۈڭلار، سەيلىگە چىقىڭلار،
ۋاقتىڭلارنى كارىۋاتتا خۇش چاغ ئۆتكۈزۈڭلار، مۇناسىۋىتىڭلار قى-
زىقارلىق تۈس ئالسا، جۈپتىڭىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلارغا يەنىمۇ
قىزىقىدىغانلىقىغا سىزگە كاپالەت بېرىمەن.

يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قويۇش زۆرۈر: مۇناسىۋىتىڭلار ئاسا-
سىي مەقسەت ۋە تۇرمۇش مەزمۇنىغا ئۆزگىرىپ قالمىسۇن، تۇرمۇش
دائىرىڭىز كېڭەيسە، سىز



خىزمەتكە بەكرەك كىرى-
شىپ، بالىلىرىڭىز، ئۇ-
رۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلىرى-
ڭىز بىلەن كۆپرەك بىللە
بولىدىغانغا، ھەۋەس ـ قى-
زىقىشىڭىزغا كەڭرەك ۋا-
قىت چىقىرالايسىز. تۇر-
مۇشىڭىز مەنىلىك بولغانسېرى جۈپتىڭىزگە ئانچە بېقىنمايدىغان
بولىسىز. سىز ئۇنىڭغا قانچە تايانمىسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە شۇنچە
بېقىنلاشقۇسى كېلىدۇ. لېكىن، بۇنى ۋاسىتە قىلىۋېلىشقا بول-
مايدۇ. بۇنى سىز ئۆزىڭىزنى يەنىمۇ خۇش قىلىش، يەنىمۇ قانائەت
تېپىش ئۈچۈن قىلىسىز. يادىڭىزدا بولسۇن، بۇ كىتابتا دېيىلگەن
ئۇسۇل ـ چارىلەر مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى تۇرمۇشىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈندۇر.

مەيلى قانداق چارىنى قوللىنىڭ، جۈپتىڭىزنى داۋام-
لىق ياخشى كۆرۈڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ سىز ئۈچۈن شۇ قەدەر





مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلسۇن. ئۇ مەيلى ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرسۇن ياكى قايتۇرمىسۇن، مۇھەببەتكە بولغان ھەقىقىي ھېسسىياتىڭىز بىلەن بەدەل تۆلەڭ. بىرسىنى ياخشى كۆرۈش، ياخشى كۆرۈلۈشكە ئوخشاشلا كىشىنى قانائەت تاپتۇرىدۇ، ھەتتا بەزىدە بۇنداق قانائەت بەكرەك كۈچلۈك بولىدۇ.

## ياخشى تەرەپنى ئويلاش

مەن دېگەن ئۇسۇل - چارىلەرنى سىناق قىلىپ باققان بولسىڭىز، ئۈچ تۈرلۈك نەتىجىگە ئېرىششىڭىز مۇمكىن. ئاۋۋال، جۈپتىڭىزگە شۇ قەدەر چوڭقۇر ھېسسىيات ئاتا قىلغانلىقىڭىزنى ھېس قىلالايسىز، بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى قىممەتلىك، بولۇپمۇ ھېسسىياتقا شەك چۈشكەن چاغدا. بۇنىڭدىن باشقا، سىزنىڭ ھېس - تۇيغۇڭىز بىلەن ئېھتىياجىڭىزنى بېرىلىپ ئاڭلىغان جۈپتىڭىز پۇرسەت تېپىپ قايىل قىلارلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ۋەدىسىنى سىزگە ئىزھار قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز ھېچقانداق زىيان تارتمايسىز، ئەكسىچە نۇرغۇن ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيسىز.





# خاتىمە

بۇ مېنىڭ باياناتىم: مەن ئۆزۈم چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان ئەر بىلەن ئىككى يىل داۋام قىلغان مۇناسىۋەت ئاخىرلىشىپ كۆپ ئۆت- مەي، بۇ كىتابنى يېزىشقا باشلىدىم. يۈرىكىم لەختە - لەختە بو- لۇپ كەتتى، ئارزۇ - ئۈمىدىم كۆپۈككە ئايلاندى، مەندە ئەمدى ئىلھام بولمايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن ھەرقانداق ئەبەدىي ئاقىۋەتكە، ھەتتا ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىش مەۋ- جۇت بولۇپ تۇرىدىغان - تۇرمايدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارىدىم. شۇنداقتىمۇ مەزكۇر كىتابنى يەنىلا ئۆز قەرەلىدە باستۇرۇشقا بېرى- ۋەتتىم، ئەمما يەر شارى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋېرىدۇ.

مەن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرىمەن، كىتابنىڭ بابلىرى كۆز ئالدىمدا ئاستا - ئاستا نامايان بولماقتا. مەن شۇ تاپتا ئەرلەرگە ئوخشاش بولمىغان باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قاراشقا باشلىدىم. بىر باسقۇچلۇق مۇناسىۋەتنى يېڭىلا ئاخىرلاشتۇرغانلىقىم ئۈچۈن كۆز قارىشىم ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك، مەن ئەمدى غەزەپلەنمەيمەن، ئۈمىدسىزلىككىمۇ چۆمۈپ كەتمەيمەن. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھەسرەت بىلەن يىغلىدىم، بۇرۇنقى سۆيگۈنۈمگە بولغان غەزىپىم كۆز ياشلىرىم بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى يېڭىۋاشتىن بايقىدىم. ئەگەر مەزكۇر كىتابنى مۇھەببەتكە ئەسە- بىيلەرچە مەستانە بولۇپ كەتكەن بىر چاغدا يازغان بولسام، كاللام تازا ياخشى ئىشلەپ كەتمىگەن، بۇ ماقالىنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ يازالمىغان بولاتتىم. ئايرىلىپ كېتىپ، يۈرىكىم قاتتىق ئازابلى- نىۋاتقان دەسلەپكى چاغدا قولۇمغا قەلەم ئالغان بولسام، مەندىكى غەزەپ - نەپرەت ئىشلارنى ئەجابىي تەرەپتە تۇرۇپ





كۆرۈشۈمگە تۇسالغۇ بولغان بولاتتى، شۇڭا مۇشۇ پۇرسەت تولىمۇ مۇۋاپىق.

بۇ مېنىڭ ئون يەتتە ياشقا كىرگەندىن تارتىپ هازىرغا قەدەر هەرقانداق بىر ئەركىشىگە قايتا ئارىلىشىشتىن بىرىنچى قېتىم قول ئۈزۈشۈم بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەن ئادەتتە ناهايىتى تېز ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ، هەسرەتكە يەنە مۇپتىلا بولۇپ قالاتتىم. ئازابقا داۋا تېپىش توغرۇلۇق ئويلىنىشقا ۋاقىت سەرپ قىلمايتتىم. ئەمدى يالغۇزلۇقۇم ئەسلىگە كەلدى، پۈتۈنلەي يېڭى تەسىراتقا ئىگە بولدۇم؛ مەن شۇ تاپتا هەرقانداق بىر باسقۇچتىكى يېقىن مۇناسىۋەت هالىتىگە مەنسۇپ ئەمەس، يېڭى قاتلاملارنى ئەركىن قىدىرالايدىغان بولدۇم. ئەرلەرنىڭ ئەلپازىنىڭ نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقىنى جۈپتىسىزمۇ ئايدىڭلاشتۇرالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تولۇق مېنى ئاياللارنىڭ ئىككى جىنس مەسىلىسىدە ئوينايدىغان رولى توغرۇلۇق سەمىمىي تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلدى.

مەن ئۆز تەجرىبەم ۋە خىزمەت مۇهىتىدا يىغىلغان ئۆرنەكلەرگە ئاساسەن مەزكۇر كىتابتا مۇلاهىزە قىلىنغان ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئون بەش مۇهىم مەسىلىنى تاللىدىم. ئىككى جىنس مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپ قىلىۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئانچە جىددىي بولمىغان هەم كۆڭۈللۈك ئۇسۇل ئارقىلىق مۇهاكىمە ۋە تەهلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

پسىخىكا جەهەتتىن بىر تالاي پۇل خەجلەپ يىگىرمە يىل داۋالانغاندىن كۆرە، ئەمەلىي قوللىنىشقا بولىدىغان ماهارەتتىن ئاز - تولا ئۆگىنىپ، ئەر - ئايال ئارىسىدىكى مەسىلىنى ئۆزى هەل قىلغان تۈزۈك. بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم. مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئەڭ ئاددىي هەل قىلىش ئۇسۇلى، ئەرلەرنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى هەقىقىي چۈشىنىش، روهىي هالەتنى ئوچۇق تۇتۇش، شۇ ئارقىلىق مۇشۇ مۇناسىۋەتتە ئويلىغان نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن





يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلىنى باتۇرلۇق بىلەن سىناق قى-
لىشتىن ئىبارەت. ئاتالمىش « بىر - بىرىنى تولۇقلاش »
مۇشۇ بولسا كېرەك. مەن مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق سىزگە
ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، ئۆزۈم بۇرۇنقى ئوڭۇشسىزلىق ۋە
ئازابلاردىن خالاس بولدۇم. بەزىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى نېمىشقا ئۆ-
زىنى قۇتقۇزۇش قوللانمىسى دەيدىغانلىقىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەت-
تىم. جاراھەتلەنگەن قەلبىم ساقايدى ، ئۈمىد يۇلتۇزۇم قايتىدىن
پارلىدى. بىرەر ئەر كىشى بىلەن ساغلام ھەم ئۆزئارا ياخشى كۆ-
رۈشكەن بىر باسقۇچلۇق مۇناسىۋەتنى يارىتىش مۇمكىنچىلىكى
بارلىقىغا ئەمدى يەنىمۇ ئىشەندىم.

ئاخىرقى بەتمۇ يېزىلىپ بولاي دېدى. مۇشۇ كىتابنى ئوقۇۋېتىپ
سىزدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەسىراتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن. مۇھەببەتنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ ئىكەن-
لىكىگە ئىشىنىمەن، بۇ كىتابنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا يەنىمۇ كۆپ
مۇھەببەت ئاتا قىلىشىنى، شۇنداقلا ياخشى كۆرۈش ئىقتىدارىڭىزنى
قوزغىشىغا تىلەكداشمەن.



بۇ كىتاب يەنبيەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2002 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据延边人民出版社 2002 年 11 月第一版 2002 年 11 月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: رەنا ئابلىمىت

# ئەرلەرنىڭ ئون بەش چوڭ جىنايىتى

ئاپتورى: ئەن چى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياسىن سىيىت
ئامانگۈل ئوبۇل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شىنشىيې باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 6 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—08849—2
باھاسى: 9.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

بۇنى ئەرلەر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلانسۇن،
ئاياللار ھېسسىياتنىڭ ئېزىتقۇ خىيالىدىن قۇتۇلسۇن.



ISBN 7-228-08849-2
9 787228 088492 >

ISBN 7-228-08849-2
（民文）定价：9.00元